مۇھەممەد يۈسۈپ

# زاكات

## ئەھكاملىرى ۋە ئادا قىلىش ئۇسۇلى

بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ھەق دىننى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى ۋە زالالەتنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن، ئۇنىڭ ئائىلە _ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە تا قىيامەت شۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغان مۆمىنلەرگە ئەڭ ئالى سالام يوللايمەن ۋە مەڭگۈ ئامانلىق تىلەيمەن.

زاكات ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئاساسلىق پەرزلەرنىڭ ئىككىنچىسى، ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنىڭ بىرىنچىسى ۋە زاكاتنى ئادا قىلىش ھەقىقىي مۆمىنلىكنىڭ ھەم ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ناماز ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان پەرزلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى بولسا، ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەن ئىككىنچى پەرز زاكاتتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە زاكاتنىڭ نامازغا يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

زاكات زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنى زاكاتنى چىقىش قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەم قىلىشىش، بىر _ بىرىنىڭ غېمىنى يېيىش، قىيىنچىلىقلىرىنى بىرگە ھەل قىلىش ۋە بىر _ بىرىگە يار _ يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت بىرلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام شەرىئىتى بايلارنىڭ پۇل _ ماللىرىدىكى پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ھەقلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى يول بىلەن ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان.

بىرىنچىسى، ئىختىيارىي ياردەم بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ يەنى ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾ دېگەن سۆزىدىكى قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، بايلارنىڭ پېقىرلارغا سەدىقە، خالىسانە ياردەم ۋە ساخاۋەت دېگەن ئىسىملار ئاستىدا قىلىدىغان ماددىي ياردىمىدۇر.

ئىككىنچىسى، مەجبۇرىي ياردەم بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ : ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾ يەنى ﴿نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكاتنى ئادا قىلىڭلار﴾[1] ۋە ﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ يەنى ﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، (قايتۇرالمايدىغان) قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يول

(1) بەقەرە سۈرىسى:43_ ئايەت.

خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1] دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ ئايەتتە بايان قىلىنغان شەخسلەرگە پۇل _ ماللىرىدىن مەلۇم مىقداردا زاكات بېرىشتىن ئىبارەت بولغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئىسلام دىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىغا زاكاتنى پەرز قىلىش بىلەن دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر دىن ياكى يەرلىك ئىقتىساد قانۇنلاردا بولمىغان ئالاھىدە پەرقلىق ئىلغار ئىجتىمائىي ھەمكارلىشىش قانۇنىنى بەرپا قىلغان.

مەلۇمكى ئىگىدارچىلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، كىشىلىك ئىگىدارچىلىق، يەنە بىرى، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدۇر. كىشىلىك ئىگىدارچىلىق دېگىنىمىز، جەمئىيەتتىكى مۇئەييەن شەخس ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مال _ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشى. ئەمما كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقى دېگىنىمىز، ھۆكۈمەت، دۆلەت ۋە باشقا مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئىگىدارچىلىقتۇر. كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمى دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولسۇن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە. تالاش _ تارتىش پەقەت كىشىلىك ئىگىدارچىلىق مەسىلىسىگە مەركەزلىشىدۇ. يەرلىك قانۇنلاردىكى كىشىلىك ئىگىدارچىلىق تۈۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. كاپىتالىزم تۈزۈمى

كاپىتالىزم تۈزۈمىدە كىشىلىك ئىگىدارچىلىق ئەركىنلىكى شۇنداق چەك _ چېگرىسىز قويۇپ بېرىلگەنكى، بۇ تۈزۈم تۈپەيلى كاپىتالىستلار دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىساد ۋە سىياسىتىنى مونوپول قىلىۋېلىپ ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقتىن پۇقرالارنىڭ تەقدىرى شۇ بىر ئۇچۇم كاپىتالىستلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالغان. بەزى دۆلەتلەر كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈچۈن ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان، خەلق ئۈچۈن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىدىغان بولۇپ قالغان. پېقىرلار يوقسۇللۇقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالسىمۇ جەمئىيەت ياكى دۆلەت ئۇلارنى يۆلىمىگەن. نەتىجىدە، جەمئىيەتتە بايلار ۋە يوقسۇللاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەبىقە بىر _ بىرىگە ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك قىلىشىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى بۇزۇلغان ۋە بايلارنى تارمار قىلىش ئۈچۈن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىغا چىققان.

2. سوتسىيالىزم تۈزۈمى

ماركسىزمچىلار كىشىلىك ئىگىدارچىلىقنى ۋە تەبىقە ئايرىشنى تۈپتىن ئىلىپ تاشلاپ، ھەر كىشىنىڭ بارچە كۈچى بىلەن ئىشلىشىنى، ئاندىن «ھەركىم ئىشلىگىنىگە يارىشا يەيدۇ، ھەركىمگە ھاجىتىگە قاراپ بېرىلىدۇ» دەيدىغان پەلسەپە بويىچە ئىش كۆرۈشنى قارار قىلىدۇ. مەلۇمكى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بېيىمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قانۇندا كىشىلىك ئىگىدارچىلىققا ھەرخىل چەكلىمىلەر قويۇلغانلىقتىن، جەمئىيەت تەرەققىي قىلمايدۇ. ئىنسانلار بۇ تۈزۈمنىڭ نەتىجىسىنى باشتىن كەچۈرۈپ كۆردى. ماركسىزمچىلار تەڭسىزلىككە قارشى تۇرىمىز دېگەن دەۋا بىلەن بايلارنىڭ مال _ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان _ تاراج قىلىپ ۋە مۇسادىرە

---

(1) تەۋبە سۈرىسى:60-ئايەت.

قىلىپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بايلارمۇ يوقسۇل، بۇرۇنقى يوقسۇللارمۇ يەنە يوقسۇل قېلىۋەردى، ھېچكىم بېيىمىدى، جەمئىيەتمۇ تەرەققىي قىلالمىدى. يوقسۇللارنىڭ ھالىنى ياخشىلايمىز، دېگەن باھانە بىلەن بايلاردىن تارتىۋېلىنغان بايلىقلار يوقسۇللارغا ئەسقاتتىمۇ؟ بۇ بايلىقلار نەگە كەتتى؟ ئېنىقكى، زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىغا تەھدىد سېلىۋاتقان قىرغۇچ قورالللىرىنى ياساشقا كەتتى، خالاس. مەلۇمكى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ بېيىشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ رولى چوڭدۇر. زامانىمىزدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. قايسى سوتسىيالىستىك دۆلەت كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ئىگىدارچىلىقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالىدى؟ قايسىسى پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى كۆتۈرەلىدى؟ جاۋاب شۇكى، ئۇلار بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلالمىدى. بەزىسى ماركىسنىڭ خىيالى جەننىتىگە يېتىش يولىدا تارمار بولدى، بەزىسى ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك نەزەرىيىسىدىن ۋاز كېچىپ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە بازار سودىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىقلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

ئەمما ئىسلام قانۇنىدىكى كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قانۇنىغا كەلسەك، ئىسلام دىنى بۇ ئىككى ئىگىدارچىلىق ئوتتۇرىسىدا ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئادالەتلىك يولنى تۇتقان. ئىسلام دىنى كىشىلىك ئىگىدارچىلىقنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، بايلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى پۇل _ ماللاردىن شۇ جەمئىيەتتىكى پېقىر، يېتىم _ يېسىر، تۇل ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە، ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بېرىشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىدى. مانا بۇ _ زاكاتتۇر. ئىسلام نەزىرىدە، جەمئىيەتتىكى ھەربىر پۇقرا كىشىلىك مۇستەقىل ھوقۇققا ۋە ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتىكى ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر. ئىسلام دىنىدىكى كىشىلىك ۋە كوللېكتىپتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىگىدارچىلىق ھېچ ۋاقىت بىر _ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بايلار ۋە پېقىرلار تەبىقىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر_ بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشمايدۇ، ئۇرۇش ئېچىشمايدۇ. يوقسۇللار _ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكىدەك _ _ بايلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانمايدۇ، بايلارمۇ _ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكىدەك _ ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا تايىنىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىياسەت ئىشلىرىنى كونترولىغا ئېلىۋالالمايدۇ. نەتىجىدە، ھەممە ئوخشاش پاراۋانلىقتا، بىرلىكتە، ئىناقلىقتا بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ.

كاپىتالىزم تۈزۈمىدە بايلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مال _ مۈلۈكتىن پېقىرلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىش قانۇنى بولمىغانلىقتىن، بايلار تەبىقىسى بىلەن نامراتلار تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدا سوغۇق زىددىيەتلەر جىددىي باش كۆتۈرگەن. نەتىجىدە بايلارنىڭ بىسىپ ياتقان پۇل _ ماللىرىنى نامراتلارغا تەقسىم بېرىمىز، دېگەن دەۋا بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىغا چىقتى. سوتسىيالىزمچىلار بايلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن خەلقنى ئاچ _ يالىڭاچ قالدۇرۇپ، ھەممىنى ئۆزلىرىگە چوقۇندۇردى. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە تۈزۈپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان پەرزلەرنى جايىدا ئادا قىلغان بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق ۋە مۇھتاجلىق قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەرگە ئاللىبۇرۇن خاتىمە بېرىلگەن بولار ئىدى. نەتىجىدە، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈملىرى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئۆزلىرىنى سىغدۇرۇشقا بوشلۇق تاپالمىغان بولار ئىدى. ئىسلام دىنى ھاياتلىقتىن ئورۇن ئالغان ئالتۇن دەۋرلەردە، خۇسۇسەن ئۇمەۋىيلەر خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ زاكات ماللىرىنى بېرىدىغان پېقىر

تاپالمىغانلىقىنى تارىخلاردىن ئوقۇۋاتىمىز. ھەقىقىي ئىسلامىي جەمئىيەت، بايلار پېقىرلارغا، كۆچلۈكلەر ئاجىزلارغا مېھرى _ شەپقەت قىلىدىغان، بىر _ بىرىنىڭ دەرتلىرىنى ۋە يۈكلىرىنى تەڭ كۆتۈرىدىغان پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەتتۇر.

ئىسلام دىنىدىكى بۇ ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىش تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشمىغان دەۋرلەردىن كېيىنلا مۇسۇلمانلار چۆكۈشكە باشلىدى. زامانىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ھەرخىل بەختسىزلىكلەر ۋە ئېزىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىكى ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش روھىنىڭ يوقالغانلىقىدىن بولدى. زاكاتمۇ جەمئىيەتنى ئامانلىق، خاتىرجەملىك، بىرلىك، ئىناقلىق ۋە ياردەم سۆيەرلىك قاتارلىق ياخشى ئىشلارغا كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. زاكات مۇسۇلمانلاردىن قول ئىلكىدە بار كىشىلەرگە بۇيرۇلغان دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر. ئۇلار بۇ زاكاتنى ھېچكىمگە مىننەت قىلماستىن، مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئورۇنداۋاتىمەن دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئادا قىلىدۇ، ئۇنى ئالغۇچى يوقسۇللارمۇ بايلارنىڭ ئالدىدا يۈزىنى قىزارتماستىن، ئاللاھ تائالا ماڭا بۇيرۇغان ھەققىمنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتىمەن دېگەن ئاساستا ئالىدۇ. نەتىجىدە، بايلار بىلەن پېقىرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، دۈشمەنلىك ۋە ئىناقسىزلىق دېگەندەك ئىللەتلەر بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق، بىرلىك، قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق كۈچىيىدۇ. جەمئىيەت بۇنىڭ بىلەن گۈللىنىپ ياشنايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن : «ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىنىڭ قولىدىكى پۇل _ ماللىرىدا، ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا يېتەرلىك زاكاتنى پەرز قىلدى. مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ پېقىرلىرى ئاچ، يالىڭاچ قالمايدۇ. ئەگەر بايلار بۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىن باش تارتىدىكەن، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئۇلاردىن قاتتىق ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە بايلىقنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا يېتەرلىك مىقداردا ياراتقان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ يولسىزلىقى ۋە ئاچكۆزلۈكى سەۋەبلىك بۇ بايلىقلار جايىدا قوللىنىلمىغانلىقتىن، دۇنيادا ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق ۋە نامراتلىق دېگەنگە ئوخشىغان بەختسىزلىكلەر يۈز بېرىپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن، دۇنيادا نوپۇس سانى قانچىلىك ئاشقانسېرى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك پەن _ تېخنىكا ئۇسۇللىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىجاد قىلىنماقتا. ئاللاھ تائالا ياراتقان زېمىن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تويغۇدەك ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئاشلىق، زىرائەتلەرنى چىقىرىپ بېرىشكە يېتەرلىكتۇر. تېرىم يەرلەرنىڭ ھەممىسى تېرىلسا، مەھسۇلاتلار ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىنسا دۇنيادا ئاچلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن زارلىنىدىغان ئادەم قالمايدۇ. ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ يولسىزلىقى ۋە ئاچكۆزلۈكى ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلىرىنىمۇ بەختسىزلىك گىرداۋىغا ئېلىپ بارماقتا. ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم پەرزلىرىدىن بولغان زاكاتنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسلانغان ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇ كىتاب تۆت بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ،

1 _ بۆلۈم: ئىسلام دىنىدىكى زاكات.

---

(1) ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى.

2 _ بۆلۈم: زاكاتنىڭ پەرزلىكى.

3 _ بۆلۈم: زاكات كېلىدىغان ماللار.

4 _ بۆلۈم: زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر.

بۇ كىتاب 2002 _ يىلىدىكى نەشرىگە ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى ۋە بەزى جايلىرى تولۇقلاندى.

بۇ ئىشىمنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىغان ياخشى ئەمەل قاتارىدا قىلىنىشىنى جانابى ئاللاھ تائالادىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

_ مۇھەممەد يۈسۈپ

ھىجرى 1439 _ يىلى، رەبىئۇل ئەۋۋەل ئايىنىڭ 22 _ كۈنى

مىلادى 2018 _ يىلى، 9 _ يانۋار.

سەئۇدى ئەرەبىستان

# مۇندەرىجە


بىرىنچى بۆلۈم

ئىسلام دىنىدىكى زاكات ........ 1

زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ........ 2

زاكات بېرىشنىڭ پەزىلىتى ........ 2

زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشى ........ 3

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە غايىسى ........ 4

ئىسلام نەزىرىدە پۇل _ مالنىڭ ماھىيىتى ........ 5

ئىسلام نەزىرىدە پۇل _ مالنىڭ ۋەزىپىسى ........ 6

ئىسلام نەزىرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى ........ 6

مال _ دۇنيا غايە ئەمەس ........ 7

زاكات بېرىشنىڭ پايدىلىرى ........ 8

زاكات بېرىشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى ........ 8

زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى ........ 9

زاكات بېرىش بىلەن پۇل _ مال كېمەيمەيدۇ ........ 11

زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى ........ 12

ئىككىنچى بۆلۈم

زاكاتنىڭ پەرزلىكى ........ 15

زاكات پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........ 16

زاكاتنىڭ بىرىنچى شەرتى: مۇسۇلمان بولۇش ........ 16

زاكاتنىڭ ئىككىنچى شەرتى: بالاغەتكە يەتكەن بولۇش ........ 16

زاكاتنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: ئەقىل _ ھوشى جايىدا بولۇش ........ 17

زاكاتنىڭ تۆتىنچى شەرتى: مەلۇم مىقداردا پۇل _ مالغا ئىگە بولۇش ........ 17

زاكاتنىڭ بەشىنچى شەرتى: پۇل _ مالغا ئىگە بولغانىغا بىر يىل ئۆتۈشى ........ 19

زاكاتنىڭ ئالتىنچى شەرتى: قەرزدار بولماسلىق ........ 19

زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتى ........ 20

زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى ........ 20

زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا بولامدۇ؟ ........ 21

ئۈستىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك زاكات قالغان ھالدا ئۆلگەن كىشى ھەققىدە ........ 22

ئۈچىنچى بۆلۈم

زاكات كېلىدىغان ماللار ........ 28

زاكات كېلىدىغان ماللار ........ 29

نەق پۇل _ زاكىتىنىڭ مىقدارى.......... 29
تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى.......... 30
خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە.......... 31
يىل ئىچىدىكى كىرىمنىڭ مەسىلىسى .......... 32
ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ھەققىدە.......... 33
باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ زاكىتى .......... 37
چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى .......... 37
چارۋا ماللىرىغا زاكات كېلىشىنىڭ شەرتلىرى .......... 38
تۆگىنىڭ زاكات مىقدارى.......... 38
تۆگە سانى .......... 39
زاكات مىقدارى.......... 39
كالىنىڭ زاكىتى.......... 40
كالا سانى .......... 40
زاكات مىقدارى.......... 40
قويلارنىڭ زاكىتى .......... 41
قوي سانى.......... 41
زاكات مىقدارى.......... 41
ئاتلارغا زاكات كېلەمدۇ؟.......... 42
تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چارۋىلارنىڭ زاكىتى.......... 43
زاكاتقا بېرىشكە يارىمايدىغانماللار .......... 44
ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتى.......... 44
ئۆشرە _ خىراج بېرىش ئۇسۇلى .......... 45
ئاشلىق ۋە مېۋىلەرگە زاكات كېلىشىنىڭ ئۆلچىمى.......... 45
كۆكتاتلارنىڭ زاكىتى.......... 46
كۆكتاتلارنىڭ زاكات مىقدارى .......... 48
يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى.......... 49
يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكات مىقدارى .......... 49
دېڭىز بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى.......... 51
ھەسەلنىڭ زاكىتى .......... 51
بۇلاپ كېتىلگەن، ئوغۇرلانغان ۋە يىتىپ كېتىپ تېپىلغان ماللارنىڭ زاكىتى.......... 52
شىركەت ھەسسىدارلىقىنىڭ زاكىتى .......... 53
زاكات بېرىلىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە بەزى سوئاللار .......... 54
زاكاتتا بېرىلىدىغان ماللارنىڭ قىممىتىنى بېرىشكە بولامدۇ؟ .......... 54
باج – سېلىقلار زاكاتنىڭ ئورنىدا تۇرامدۇ؟ .......... 55
زاكاتنى بىر دۆلەتتىن ئىككىنچى بىر دۆلەتكە يۆتكەشكە بولامدۇ؟.......... 56

تۆتىنچى بۆلۈم

زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر.....................................................................62
زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر.....................................................................63
زاكات ئالىدىغانلارنىڭ تەپسىلاتى.....................................................................63
زاكاتنى ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىش شەرتمۇ؟.......................70
زاكات بېرىلمەيدىغان شەخسلەر.....................................................................76

بىرىنچى بۆلۈم

# ئىسلام دىنىدىكى زاكات

## زاكاتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

زاكات _ ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا زاكاتنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىغا پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. ئىسلام نەزىرىدە ئىماندىن قالسا ئەڭ ئالدىنقى پەرز ناماز بولسا، نامازدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىبادەت زاكاتتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللاقا بېرىپ ھەج قىلىش»[1].

زاكات «قۇرئان كەرىم»نىڭ 82 ئايىتىدە ناماز بىلەن ياندىشىپ كېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسلام نەزىرىدىكى يۈكسەك ئورنى ۋە زور ئەھمىيىتى بىلدۈرۈلگەن. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلىشمۇ خۇددى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ زۆرۈر بولغىنىدەك، زۆرۈر بولغان ئىبادەتتۇر.

زاكات _ ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. «زاكات» دېگەن سۆز ئەرەپ تىلىنىڭ لۇغىتىدە «پاكلاش» ۋە «ئۆستۈرۈش» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ ئىككى مەنىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىرگە ئىپادىلەش مەقسىتىدە بۇ ماۋزۇ ئۈچۈن زاكات سۆزىنى ناھايىتى ھېكمەتلىك ھالدا تاللاپ ئالغان. چۈنكى، پۇل _ مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىغانلىق ھەقىقەتتە ئۇنى ھاجەتمەنلەرنىڭ ھەقلىرىدىن ئۆز نەپسىنى بولسا بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلىغانلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىدىن زاكات ئېلىشقا بۇيرىغان ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلاردىن ۋە بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن) پاكلىغايسەن، (ياخشىلىقلىرىنى، پۇل _ ماللىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[2].

## زاكات بېرىشنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل _ مالنىڭ زاكىتىنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولغىنىدەك، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، بىزنىڭ بەرگەنلىرىمىزدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر﴾[3].

ناماز، روزا قاتارلىق ئىبادەتلەرگە ئوخشىغان ئىقتىساد تەلەپ قىلمايدىغان ئىبادەتلەرنى ھەر

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 103_ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 3_ ئايەت.

قانداق مۇسۇلمان كىشى ئۇنى ئادا قىلىدۇ. ئەممە تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان مال _ دۇنيادىن بىرقىسمىنى ئايرىپ ھاجەتمەنلەرگە بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان زاكاتقا ئوخشىغان ئىجتىمائىي ئىبادەتنى پەقەت ھەقىقىي مۆمىن بولغان كىشىلەرلا تولۇق ئورۇنلىيالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا﴾ يەنى﴿نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ﴾[1]دەيدۇ.

ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان پۇل _ مالنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ھەسسىلەپ كۆپىيىدىغانلىقىنى ۋە سەرپ قىلغۇچىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەسسىلەپ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى قۇرئان كېرىم مۇنداق بىر مىسال بىلەن ئىپادىلەيدۇ: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِئَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ ﴾ يەنى﴿ئاللاھ يولىدا پۇل _ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا يۈز تالدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە( ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر﴾[2].

**زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشى**

زاكات پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىدىن18 ئاي كېيىن يەنى ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى شەۋۋال (قەمەرىيە 10 _ ئاي)دا پەرز قىلىنغان.

زاكات بەش چوڭ ئىسلام پەرزىنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، زاكات بېرىش شەرتىگە توشقان ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشىگە پەرز ئەيندۇر. زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجما دەلىللىرى بىلەن بەلگىلەنگەن.

1 _ قۇرئان دەلىلى: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآَتُوا الزَّكَاةَ ﴾ يەنى﴿نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، زاكاتنى ئادا قىلىڭلار﴾[3].

2 _ ھەدىس دەلىلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ يېرىگە كېتىۋاتىسەن. ئاۋۋال ئۇلارغا، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمنى ئۆگەتكىن. ئاندىن ئۇلارنى بۇنىڭغا چىن ئىشىنىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە دەۋەت قىلغىن. ئۇلار شاھادەت كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا نىڭ ئۇلارغا كېچە _ كۈندۈزنىڭ مۇئەييەن ۋاقىتلىرىدا ئادا قىلىنىدىغان بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئۆگەتكىن. ئۇلار نامازنى ئادا قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئۇلار بۇ پەرزنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن زاكات ئالغىن. زاكات يىغىشتا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن تاللاپ ئېلىشتىن ساقلانغىنكى،

---

(1) شەمس سۈرىسى 9_ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 261_ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 43_ ئايەت.

بىچارىلەرنىڭ پەرىيادلىرىدىن قورققىن. چۈنكى ئاللاھ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە يوق»[1].

3 _ ئىجما دەلىلى: پۈتۈن ئىسلام ئەھلى زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان كىشىنىڭ ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىغا بىردەك ئىتتىپاقتۇر. زاكاتنى ئادا قىلىش زاكات بېرىش شەرتىگە توشقان ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. زاكات بېرەلەيدىغان تۇرۇپ ئۇنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلىش مەسىلىسى سەدىقە، ئېھسانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىسلام شەرىئىتى تەرىپىدىن پۇل _ مېلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن مۇسۇلماندىن ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي پەرزدۇر.

## زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە غايىسى

پېقىرلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۇچۇن بىر نوقسانلىقتۇر. پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ جەمئىيەتتىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش پاراۋانلىققا، باراۋەرلىككە ۋە بەختلىك تۇرمۇش تەرزىگە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىن _ بىر چارىسى مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا زاكاتنى پەرز قىلىپ بۇيرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پېقىرلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا بۇ مۇقەددەس پەرزنى بەلگىلەش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. زامانىمىزدا ھەممىلا جايدا بايلاردىن زاكاتنى يىغىپ پېقىرلارغا تارقىتىش ئىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئىسلام ھاكىمىيىتى بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بۇ پەرزنى ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ۋىجدانى ۋە ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تولۇق ئادا قىلىشى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشى ئۇنىڭ ئىمانىي بۇرچىدۇر.

«زاكات _ بىر _ بىرى بىلەن ياردەملىشىدىغان، بىر _ بىرىنى سۆيىدىغان، ئادالەتلىك، شەپقەتلىك بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئاملىدۇر. چۈنكى، زاكات بايلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن جەمئىيەتتىكى پېقىرلارنىڭ ھالىنى ياخشىلىغانلىقى ئۈچۈن پېقىرلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى بايلارغا قارىتا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە كۆرەلمەسلىك تۇيغۇلىرىنى يېڭىپ بايلار بىلەن پېقىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سۆيگۈ ۋە ھەمكارلىقنى پەيدا قىلىش ۋە دىنىي قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەختلىك ھايات كەچۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئېسىل ئىبادەتتۇر»[2].

«قۇرئان كەرىم» بىزگە پاراۋانلىق ئېسىل بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىم قىلىشنىڭ ئەڭ يۈكسەك سەۋىيىدىكى مەدەنىي ھەم ماددىي پىرىنسىپلىرىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي مۈشكۈلاتلارنى ھەل قىلىشتا «قۇرئان كەرىم» ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن _ تۈزۈملەر يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇكەممەل قانۇن _ تۈزۈمدۇر. چۈنكى بۇ قانۇن _ تۈزۈملەر شەخسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدا ئەڭ ئادىل ۋە

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) «موسوعة اقتصاد الإسلامي» 23_ بەت. ئا.مۇئنىم جامال.

مۇناسىپ يولنى تۇتقان.

**ئىسلام نەزىرىدە پۇل _ مالنىڭ ماھىيىتى**

ئىسلام نەزىرىدە، ئىنسانلار قانچىلىك كۆپ پۇل _ مال ئىگىسى بولۇپ كەتسۇن ۋە بۇلارنى قانچىلىك جاپا بىلەن ئىشلەپ تاپقان بولسۇن ئۇلار قوللىرىدىكى مال _ مۈلۈكنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئەمەستۇر. بەلكى ئۇلار قوللىرىغا كەلگەن بۇ پۇل _ ماللارنى تەسەررۇپ قىلغۇچى ۋەكىللەردۇر، خالاس. چۈنكى مال _ مۈلۈكنىڭ ئەسلى ئىگىسى ۋە ئاتا قىلغۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر! قۇرئان كېرىم بۇ ھەقىقەتنى جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: ﴿لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَمَا تَحْتَ الثَّرَى ﴾يەنى﴿ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر﴾(1).

ئاللاھ تائالا مال _ دۇنيانى ئىنسانلارغا ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى ئۇلارغا ئېھسان ۋە ئىنئام قىلىش؛ يەنى بىرى، ئۇلارنى بۇ مال _ دۇنيا بىلەن سىناش يۈزىسىدىن بېرىدۇ. مال _ دۇنيا كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە كۈچ _ قۇۋۋىتىگە ئاساسەن ئىگە بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا _ ئېھسانىدۇر. ئوخشاش ئىقتىدارغا، ئوخشاش دىپلومغا ئىگە ۋە ئوخشاش ئىشتا ئىشلەيدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ باي قىلىدىغانلىقى يەنە بىرىنى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ياكى پېقىر قىلىدىغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر. ئەگەر مال _ دۇنيا ئىقتىدار بىلەنلا قولغا كېلىدىغان نەرسە بولسا ئىدى، يۇقىرىقى ئىككى ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوخشاش بولغان بولاتتى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل _ مالنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. شەكسىزكى، پۇل _ مالنىڭ ھەققى زاكاتتۇر. شۇڭا زاكات بەرگۈچىنىڭ «مەن پېقىرلارغا ئۆز مۈلكۈمدىن خەير _ ئېھسان قىلىۋاتىمەنغۇ » دەپ مىننەت قىلىش ھەققى يوق. ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ بەرگەن زاكىتى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ئامانەتنىڭ تېگىشلىكىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قولىدا قالغان قىسمىنى ھارامدىن (يەنى پېقىرلارنىڭ ھەققىدىن) پاكلىغان كىشىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُمْ بِالْمَنِّ وَالْأَذَى كَالَّذِي يُنْفِقُ مَالَهُ رِئَاءَ النَّاسِ وَلَا يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا لَا يَقْدِرُونَ عَلَى شَيْءٍ مِمَّا كَسَبُوا وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ ﴾يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل _ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا _ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ (بۇرۇنقىدەك بولۇپ) كەتكەن سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن(ئاخىرەتتە ساۋابتىن) ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾(2).

---

(1) تاھا سۈرىسى 6_ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 264_ ئايەت.

**ئىسلام نەزىرىدە پۇل _ مالنىڭ ۋەزىپىسى**

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە پىقىرلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى جىددىي بىر بىتەرىسىزلىك دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پاراۋانلىق، باراۋەرلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. ئىسلام شەرىئىتى بويىچە مال _ مۈلۈكنىڭ ۋەزىپىسىنى تۆۋەندىكى ئۈچكە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1. پۇل _ مالنى ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە بۇيرۇلغان يوللار بىلەن تېپىش ۋە ئۆستۈرۈش.

2. پۇل _ مالنى ئېھتىياجغا قاراپ ئىسراپ قىلماستىن، ھەددىدىن ئاز قىسىۋالماستىن نورمال ھالدا قوللىنىش.

3. پۇل _ مالنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئايرىش ۋە سەدىقە، ياردەم، ئېھسانغا ئوخشاش ئىختىيارى ياردەم ۋاستىلىرى بىلەن ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش.

يۇقىرىقىلار ئىسلام دىنىنىڭ پۇل _ مالنى سەرىپ قىلىشتىكى كۆرسەتمىسىدۇر.

**ئىسلام نەزىرىدە ئىشلەشنىڭ قىممىتى**

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئىشلەشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئىشلىگەننىڭ شەنىنى، قەدىر _ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بىگانە دىندۇر. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقئارالىق رىقابەتتە دادىل كىرىپ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى نامايان قىلىش يولىدا ئىشلەشنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾ يەنى﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ ﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن.

خەلقىمىزدىمۇ: «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. ھالال رىزىق تېپىش يولىدا ئىشلەش ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە مۆتىۋەر ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان زاكات، ھەج، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە جىھاد قاتارلىق ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردىن باشقا پەرزلەرنىمۇ تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ تەن ساقلىقى ۋە بەدەنىنىڭ كۈچ _ قۇۋۋىتى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇمكى، تەن ساقلىقىنى ۋە بەدەنىنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش كۈندىلىك كىيىم‌كېچەك _ ئىچىمەكلەرنى تەمىنلەيدىغان ئىقتىسادقا مۇھتاجدۇر. ئىقتىساد پەقەت ئىشلەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئىشلەش تەرەققىي قىلىشنىڭ ئالدىنقى ئامىلىدۇر. قۇرئان كەرىم پۇل _ مال تېپىش ئۈچۈن ئىشلەشنى ئاللاھنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئىبادەت دائىرىسىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾يەنى ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارقىلىپ (تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ پەزلىدىن (رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾[2].

ئاللاھ تائالا ئىشلەشنىڭ قەدىر _ قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) نەجم سۈرىسى 39_ ئايەت.
(2) جۇمۇئە سۈرىسى 10_ ئايەت.

﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنْثَى وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئەر _ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەلنى قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ ياخشى هاياتتا ياشىتىمىز ۋە ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن بېرىمىز﴾[1].

ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ دائىرىسى شۇنچىلىك كەڭ بولۇپ، ئۇ هاياتلىقنىڭ هەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان هەر قانداق ئىجتىمائىي خىزمەتلەر، دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەشلەرنىڭ هەممىسى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «تۇللارغا، پېقىرلارغا ياردەم قىلىش يولىدا يۈرگەن كىشى ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلغان مۇجاهىدغا ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان ئابىدقا ئوخشاشتۇر»[2] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىشلەشنىڭ ئەهمىيىتىنى ۋە پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ: «هالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش پەرزدۇر»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە: «هالال رىزىق تېپىش يولىدا ئىشلەش جىهادتۇر»[4] دېگەن.

«قۇرئان ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هەدىسلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرى ئىشلەشنىڭ ئىسلام نەزىرىدە قانچىلىك قەدىر _ قىممەتكە ئىگە ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلماقتا. قۇرئاندا «ئىشلەش» دېگەن ئىبارە 359 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئىشلەشكە ۋە شۇ ئارقىلىق تەرەققى قىلىشقا چاقىردى. ئىشلەشكە قادىر بولغانلار ئۈچۈن ئىشلەشنى پەرز قىلدى. دېمەك، ئىشلەش ھەقىقىي ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپ ئايەتلىرىدە «ئەمەل(يەنى ئىشلەش)»نى ئىمانغا ئانداشتۇرۇپ بايان قىلغان»[5].

شۇڭا دەيمىزكى، ئىشلەش پېقىرلىققا خاتىمە بېرىش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى ئالدىنقى ئامىلدۇر.

**مال _ دۇنيا غايە ئەمەس**

ئىسلام نەزىرىدە مال _ دۇنيا غايە ئەمەس. بەلكى ئۇ غايىگە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ هالالدىن تاپقان مال _ دۇنياسىنى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىگە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «(هالالدىن تاپقان) ياخشى مال _ دۇنيا ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى بىلىدىغان ياخشى ئادەم ئۈچۈن نېمە دېگەن ياخشى _ هە!»[6].

---

(1) نەھل سۈرىسى 97_ ئايەت.
(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئىمام ئەهمەت رىۋايىتى.
(4) سۇيۇتى رىۋايىتى.
(5) « مشكلة الفقر» يۇسۇف ئەل قەرداۋى 26_ بەت.
(6) هافىز ئىراقى رىۋايىتى.

كىمكى مال _ دۇنيانى ئۆزى ئۈچۈن غايە قىلىۋېلىپ، ھالال _ ھارامنى ئايرىماستىن توپلايدىكەن ۋە ياخشى _ يامانىنى ئايرىماستىن سەرپ قىلىدىكەن، مۇنداقلارنىڭ مال _ دۇنياسى ئۆزىنىڭ دوزاختىن ئورۇن ئېلىشىغا يېتەرلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھارامدىن مال _ دۇنيا تاپقان كىشىنىڭ تاپقانلىرىغا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ قىلغان سەدىقىسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ھارامدىن قالدۇرغان مىراسلىرى ئۇنىڭ دوزاختىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. چۈنكى نىجىس (يەنى ھارام) نىجىسنى يوق قىلالمايدۇ. پەقەت پاكلار بىلەنلا نىجىسلار پاكلىنىدۇ»[1].

## زاكات بېرىشنىڭ پايدىلىرى

### زاكات بېرىشنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرى

زاكاتنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىلىرىنى تۆۋەندىكى بەش نوقتىغا قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1. مال _ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن بولغان بىر ئىجتىمائىي پەرزنى ئادا قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز رەھمەت ۋە مەغپىرىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: إِنَّ الَّذِينَ آَمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآَتَوُا الزَّكَاةَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴿يەنى ﴾ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا تولۇق مۇكاپات بار. ئۇلارغا ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ﴿[2].

2. زاكاتنى ئادا قىلغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ. الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ. وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ. وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ﴿ يەنى ﴾مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن مۇرادىغا يەتتى. ئۇ مۇئمىنلەر نامىزىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز _ ھەرىكەتتىن يىراق تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر﴿[3].

3. زاكاتنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، خالىقنىڭ (ئاللاھنىڭ) ۋە مەخلۇقنىڭ (يەنى پېقىرلارنىڭ) ھەقلىرىنى تونۇپ ئۇلارنى يولىدا ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھەققى ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش بىلەن ئادا تاپسا، پېقىرلارنىڭ ھەققى ئاللاھ تائالا بۇيرىغان زاكاتنى ئۇلارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقان بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ھەقنى يولىدا ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى مۇكەممەل بولغان ۋە دۇنيا – ئاخىرەتلىكمۇ بەختلىك بولغان بولىدۇ.

4. زاكات ئۇنى بەرگۈچىنىڭ قەلبىنى بېخىللىقنىڭ كىرلىرىدىن ۋە شەپقەتسىزلىكنىڭ

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە بەيھەقىي رىۋايىتى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 277_ ئايەت.
(3) مۇمىنۇن سۈرىسى 1_4 ئايەتلەر.

ئىللەتلىرىدىن پاكلىغاندەك ئۇنىڭ مال _ دۇنياسىنىمۇ هارامدىن يەنى پىقىرلارنىڭ هەققىدىن پاكلايدۇ ۋە بەرىكەت بىلەن كۆپەيتىدۇ. زاكات سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلىمەكتە.

5. زاكات كىشىگە مەرتلىكنى، سېخىيلىقنى، ئۆزئارا ياردەملىشىشنى، رەھىمدىللىقنى ۋە پىداكارلىقنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىرىشتۈرۈشكە كېپىللىق قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگىلىك بەندىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

**زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرى**

زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپتۇر. زاكات زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەت بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ پايدىسى زاكاتنى بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغانلىقى سىرتىدا، پۈتۈن جەمئىيەتكە مەنپەئەتلىكتۇر. چۈنكى زاكات سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «پاكلاش» ۋە «ئۆستۈرۈش» دېگەن ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن زاكاتنىڭ بۇ دۇنيالىق پايدىلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1. زاكات _ پاكلاش مەنىسى بىلەن بايلارنى بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن پاكلاپ، ئۇلارنى مەرتلىك بىلەن سېخىيلىقتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاققا يېتەكلەيدۇ. دۇنيادا مەرتلىك ماختىلىدىغان ئېسىل ئەخلاق بولغىنىدەك، بېخىللىق ھەرقانداق مىللەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلىدىغان بىر رەزىل ئەخلاقتۇر. بېخىللىقنىڭ ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، ئۇ گاھىدا كىشىلەرنى پۇل _ مالغا بېخىللىق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ھالاك قىلىشىغا، نومۇسلىرىنى بۇلغىشىغا، پۇلى بىلەن جېنىغا بېخىللىق قىلىپ، ۋەتىنىنى سېتىپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. تارىخمۇ گۇۋاھكى، بېخىللىققا ئادەتلەنگەن ھەر قانداق ئادەم ۋە خەلق نىجات تاپقان ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ يەنى﴿ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە يەتكۈچىلەردۇر﴾[1]، ﴿وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَفْسِهِ﴾ يەنى ﴿كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ﴾[2].

2. زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن، يوقسۇللارنىڭ، يېتىم _ يېسىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل _ مالدىن ئۇلارغا چىقىم قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان بايلارغا بولغان ئۆچلۈك، ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك تۇيغۇلىرىدىن پاكلايدۇ. شۇنداقلا زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن جەمئىيەتنى يوقسۇللار بىلەن بايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان زىددىيەتلەردىن، توقۇنۇشلاردىن ۋە قان تۆكۈشلەردىن پاكلايدۇ.

3. زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن بايلارنىڭ پۇل _ ماللىرىنى يوقسۇللارنىڭ ھەقلىرىدىن پاكلايدۇ. چۈنكى زاكات يوقسۇللارنىڭ ھەققى. زاكاتنى بېرىلمىگەن مال ناپاكتۇر.

4. زاكات پاكلاش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنى گۇناھلىرىدىن پاكلايدۇ. چۈنكى زاكات _ ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى دۇرۇس شەكىلدە ئادا قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى شۇ ئىبادەت يۈزىسىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ

---

(1) ھەشر سۈرىسى 9_ ئايەت.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 38_ ئايەت.

السَّيِّئَاتِ﴾ يەنى﴿ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1].

5. زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنىڭ مال _ دۇنياسىنى بەرىكەت بىلەن ئۆستۈرىدۇ. بەزىلەر مۇنداق سوئال قويۇشى مۇمكىن: بېرىلگەن نەرسە كېمەيمەستىن قانداقمۇ كۆپەيسۇن؟ ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ دەيمىزكى، زاكات بېرىلگەن مال _ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق كېمىيىش بولسا، شۇنداق تاشقى كۆرۈنۈش بولۇپ، ئەمما ھەقىقەتتە ئۇنىڭ ئاقىسىدا بەرىكەت ۋە ئۆسۈش باردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آَتَيْتُمْ مِنْ رِبًا لِيَرْبُوَ فِي أَمْوَالِ النَّاسِ فَلَا يَرْبُو عِنْدَ اللَّهِ وَمَا آَتَيْتُمْ مِنْ زَكَاةٍ تُرِيدُونَ وَجْهَ اللَّهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُضْعِفُونَ﴾ يەنى﴿سىلەر ئىنسانلارنىڭ پۇل _ مېلى ئىچىدە ئۆسۈپ قالسۇن، دەپ (ئۆسۈم ئۈچۈن) بەرگەن ھەرقانداق بىر نەرسەڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆسمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا كەلسەك، ئەنە شۇنداق قىلغانلار (مۇكاپاتىنى ۋە پۇل _ مېلىنى) ھەسسىلەپ ئۆستۈرگەن كىشىلەردۇر﴾[2]، ﴿وَمَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ﴾ يەنى﴿سىلەر (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى بەرسەڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ﴾[3].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە رېئاللىققا ئايلانغان. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ تائالا بەرگەن پۇل _ مالدىن باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭمۇ ھەقلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەن بايلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا يۈزى يورۇق بولۇپ كەلمەكتە. بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان ۋە مال _ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قورقۇنچ ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلار يەنىلا شۇ بېخىل بايلاردۇر.

6. زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن، زاكات بەرگۈچىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. چۈنكى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، يوقسۇللارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلى _ كۆكسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ۋە قولى ئۇزۇن، روھى ئۈستۈن بولۇپ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىردىن ھېس قىلىدۇ.

7. زاكات ئۆستۈرۈش مەنىسى بىلەن يوقسۇللارنىڭ، يېتىملارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ روھىنى كۆتىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى جەمئىيەتتە يار _ يۆلەكسىز، بىچارىلىككە يارىتىلغانمىز، دەپ ھېس قىلىپ ھاياتلىقتىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزمەستىن، بۇرادەرلىرىنىڭ ئۇلارنىڭمۇ يۈكلىرىنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ _ دە، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

8. زاكات يۇقىرىقى ھەر ئىككى مەنىسى بىلەن، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى قوغداشنىڭ ۋاستىسىدۇر. قىسقىسى، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يېتىم _ يېسىر، باققۇچىسىز، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرنىڭ يار _ يۆلەكسىز قېلىشىنى جىددى بىر ئىجتىمائىي يېتەرسىزلىك دەپ

---

(1) ھۇد سۈرىسى 114_ ئايەت.
(2) رۇم سۈرىسى 39_ ئايەت.
(3) سەبەئ سۈرىسى 39_ ئايەت.

قارايدۇ ۋە بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى ھاياتلىقتا كېرەكلىك بولغان ئېھتىياجلارنى قامداش يولىدا ئۆز مېھنىتى ۋە ھالال كەسپى بىلەن ئىشلەشكە بۇيرۇلغان. قېرىلىقتىن، ياكى ئاغرىقچانلىقتىن ئىشلەشكە قادىر بولالمىغان ياكى يېتىملىقتىن چارىسىز قالغانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى مۇسۇلمانلار جامائەسى ھەمكارلىشىپ قامداشقا بۇيرۇلغان. زاكات ئەنە شۇنداق پاراۋانلىق ۋە باراۋەرلىك جەمئىيەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

### زاكات بېرىش بىلەن پۇل _ مال كېمەيمەيدۇ

بەزىلەر بايلارنىڭ پېقىرلارغا زاكات ياكى ياردەم نامى بىلەن پۇل _ مال سەرپ قىلىشىنى ئىقتىسادنى يۈكسىلتىش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش يولىدىكى توسقۇنلۇق، يەنە بىر تەرەپتىن زاكات پېقىرلارنى ئىشلىمەستىن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ۋە ھورۇنلۇققا ئۈندەيدىغان بىر ئامىل دەپ جۆيلۈيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى تۈپتىن خاتادۇر. چۈنكى، بايلارنىڭ يۈزدىن ئىككى يېرىم (2.5%) پىرسەنت زاكات ئايرىغىنىغا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ھېچقانداق بۇھرانغا ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە، بەرىكەت بىلەن كۆپىيىشكە ئېلىپ بارىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر زاكات بىلەن پۇل _ مالنىڭ ئۆسۈشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىقنىڭ يوقلىقىنى تەكىتلىمەكتە. ﴿وَمَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ﴾ يەنى﴿سىلەر (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى بەرسەڭلار، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ﴾. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاكات بىلەن ھېچكىمنىڭ مال _ دۇنياسى كېمەيمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئەگەشكەن ۋە مەنىسىنى ياخشى چۈشەنگەن مۆمىنلەرگە ئېنىقكى، زاكات ئۈچۈن چىقارغان پۇل _ مالدىكى ۋاقىتلىق كېمىيىش بولسا، ئەمەلىيەتتە كېمىيىش ئەمەس، بەلكى بەرىكەت ۋە كۆپىيىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. چۈنكى تەجرىبىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا رېئاللىقتا ئايلانغان ھەقىقەتەن شۇكى، ئادەتتە، ئاللاھ بەرگەن پۇل _ مېلىنىڭ زاكىتىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىختىيارى ياردەملەرنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بايلارنىڭ بايلىقى ھېچقانداق بىر ئىقتىسادىي بۇھرانغا ئۇچرىماستىن كۈندىن _ كۈنگە كۆپىيىپ ۋە ھەسسىلەپ ئۆسۈپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە خەلق ئالدىدىمۇ نام _ شۆھرىتى ئاشماقتا. بەرىكەت ۋە ئاتا _ ئېھسان ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەنلەر بىلەن ھەمىشە بىللە. ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشكە ئاللاھ تائالا ئۆزى كېپىلدۇر.

ئەمدى زاكات پېقىرلارنى ئىشلىمەي كۈن ئۆتكۈزىدىغان ۋە ھورۇن قىلىپ قويىدۇ، دېگەن سەپسەتىگە كەلسەك، زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، پېقىرلار، مىسكىنلەر، قەرزدارلار، ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلار، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەبلەغگە ئېھتىياجلىق بولغان قۇللار قاتارلىق قاتارلىقلاردۇر. بۇلار ئېھتىياجلىرىنى ئىشلەپ تېپىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان ۋە جىددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان شەخسلەردۇر. ئەمما كۈچ _ قۇۋۋىتى جايىدا، تېنى ساق كىشىلەرگە زاكات بېرىش مەنئىي قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دېگەن:«بايلارغا ۋە ئىشلەشكە قادىر بولغانلارغا زاكات

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ھالال بولمايدۇ»[1].

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە: «ئەڭ ياخشى كەسىپ كىشىنىڭ ئۆز قولىنىڭ مېھنىتىدۇر»[2]، «ئاللاھ كەسىپدار مۆمىننى سۆيىدۇ»[3]، «بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ئەلۋەتتە ئۈستۈندۇر»[4] دېگەن .

## زاكات بەرمەسلىكنىڭ گۇناھى

پۇل _ مالنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئاللاھ تائالا بولۇپ، قولىمىزدىكىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئىنئام ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئاتا قىلغىنىدۇر. پۇل _ مال ياخشى ئىشلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولغاندەك، گاھىدا كىشى ئۈچۈن تۈگىمەس بالايى ئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، پۇل _ مال ئىگىلىرىنىڭ ئۆز قوللىرىدىكى پۇل _ مالغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق _ ھوقۇقلارنى تونۇماسلىقى ۋە ئۇنى يولىدا ئىشلەتمىگەنلىكلىرىدىن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا مال _ دۇنيانى ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى ياخشى يوللارغا ئىشلىتىشكە ۋە ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان. ﴿وَابْتَغِ فِيمَا آَتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآَخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾ يەنى﴿ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەنلىرى(نى توغرا يولغا سەرپ قىلىش) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنۇتمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىزدىمىگىن. چۈنكى ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ﴾[5].

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان پۇل ئىگىلىرىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە خەير _ ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇغىنىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ مال _ دۇنياسىدىن مۇئەييەن مىقدارىنى ئۇلارغا زاكات يولى بىلەن بۆلۈپ بېرىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَعْلُومٌ. لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار پۇل _ ماللىرىدا تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە (ئىپپەتلىك بولغانلىقتىن) تىلىمەيدىغان پېقىرغا (بېرىشكە تېگىشلىك) مۇئەييەن ھەق (بارلىقىنى بىلىپ ئۇنى) بېرىدىغان كىشىلەردۇر﴾[6].

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن ۋە زاكاتنى بەرمىگۈچىلەرنىڭ (ئاخىرەتتە) تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قاتتىق ئازاب _ ئۇقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا إِنَّ كَثِيرًا مِنَ الْأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) ئىمام سۇيۇتى مەجمۇئەسى.
(3) ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى.
(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(5) قەسەس سۈرىسى 77_ ئايەت.
(6) مەئارىج سۈرىسى 24_ 25_ ئايەتلەر.

وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ۋە خىرىستىيانلارنىڭ راھىبلىرىدىن نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل _ ماللىرىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋالىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئالتۇن _ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن﴾[1].

﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل _ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى (زاكىتىنى) بەرمىگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال _ دۇنيالىرى دوزاختا قىزىتىلغان تۆمۈرلەرگە ئايلىنىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسى، مۈرىسى ۋە ئۆشنىسى بۇ تۆمۈرلەر بىلەن داغلىنىدۇ. تۆمۈرلەر سوۋۇپ قالغان ھامان يەنە قايتا قىزىتىلىپ يېقىلىدۇ. بىر كۈنى دۇنيانىڭ ئەللىك مىڭ يىلىغا توغرا كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە، ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغىچە ئۇ شۇنداق داغلىنىپ ئازابلىنىشقا داۋام قىلىدۇ. ئاندىن جەننەتكە ياكى دوزاخ تەرەپكە بولغان ئۆز يولىنى كۆرىدۇ»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل _ مالنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال _ دۇنيالىرى ئىككى كۆزىنىڭ ئۈستىدە قورقۇنۇچلۇق قارا مېڭى بولغان ھەيۋەتلىك بىر يىلانغا ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا يۆگىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ‹مەن سېنىڭ دۇنيادا يىغقان مال _ دۇنيايىڭ› دەيدۇ »[4].

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«مەن كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ كەبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى، ئۇ مېنى كۆرۈپ: «مۇشۇ كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر! ئۇلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر!» دەپ تەكرارلىدى. مەن ئۇنىڭدىن، _ يا رەسۇلۇللاھ! ئاتا _ ئانام سىزگە پىدا بولسۇنكى، ئۇلار زادى كىملەر؟ _ دەپ سورىۋىدىم، _ ئۇلار پۇل _ ئىگىلىرىدۇر. پەقەت مال _ دۇنياسىدىن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغانلار بۇلارنىڭ سىرتىدا. ئەمما بۇنداقلار بەكمۇ ئاز. تۆگە، كالا، قوي ۋە باشقا بايلىقلارغا ئىگە بولغان تۇرۇپ زاكات بەرمىگەن قانداقلا ئادەم بولسۇن، ئۇنىڭ مال _ دۇنيالىرى قىيامەت كۈنىدە مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلارغا ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ ئازابلاشقا باشلايدۇ.

(1) تەۋبە سۈرىسى 34_ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 180_ ئايەت.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇلارنىڭ ئاخىرى تۆگىگەن ھامان باشتىكىلىرى قايتا كېلىپ قىيناشنى داۋاملاشتۇرىدۇ»[1] دېدى.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىككىنچى بۆلۈم

# زاكاتنىڭ پەرزلىكى

زاكات ــمۇسۇلمان پۇل _ مال ئىگىلىرىدىن ئېلىپ جەمئىيەتتىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىجتىمائىي پەرزدۇر.

زاكات سۆزى لۇغەتتە، پاكلاش ۋە ئۆستۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. زاكاتنىڭ ئىسلام شەرىئەت ئىستېمالىدىكى مەنىسى: مەخسۇس شەرتلەرگە ئاساسەن، مۇئەييەن مىقداردىكى پۇل _ مالنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان شەخسلەرگە تاپشۇرۇش دېمەكتۇر.

زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پەرزنى ئادا قىلىش كاتتا ئىبادەتلەردىن سانالغىنىدەك، زاكات بېرەلەيدىغان تۇرۇپ، ئۇنى ئادا قىلماسلىق ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر.

**زاكات پەرز بولۇشىنىڭ شەرتلىرى**

زاكات تۆۋەندىكى شەرتلەرگە توشقان كىشىلەرگە پەرز بولۇپ بۇيرۇلىدۇ:

1 _ مۇسۇلمان بولۇش.

2 _ بالاغەتكە يەتكەن بولۇش.

3 _ ئەقىل _ ھوشى جايىدا بولۇش.

4 _ مەلۇم مىقداردا پۇل _ مالغا ئىگە بولۇش.

5 _ پۇل _ مالغا ئىگە بولغىنىغا بىر يىل توشۇشى.

6 _ قەرزدار بولماسلىق.

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

زاكاتنىڭ بىرىنچى شەرتى: مۇسۇلمان بولۇش

ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ئورۇنداشقا بۇيرۇلۇش ۋە ئۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بولۇش شەرت بولغىنىدەك، زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە مۇسۇلمان بولۇش شەرتتۇر. مۇسۇلمان بولمىغانلار ئىسلام ئىبادەتلىرىگە بۇيرۇلمىغان. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك ئەمەس.

زاكاتنىڭ ئىككىنچى شەرتى: بالاغەتكە يەتكەن بولۇش

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن بولۇش شەرتتۇر. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئىلكىدىكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل _ مالغا زاكات كەلمەيدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشى بولۇپ، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئىلكىدىكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل _ مالغىمۇ زاكات كېلىدۇ. بۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، زاكات ئىقتىسادىي ئىبادەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن بولۇش شەرت ئەمەس. بۇنىڭغا بىنائەن، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئىلكىدىكى پۇل _ مېلىدىنمۇ زاكات ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ زاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى ئۇلارنىڭ مەخسۇس مېلىدىن ئايرىپ بېرىدۇ.

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ دەلىلى بولسا، زاكاتمۇ ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگە ئوخشاش ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈنمۇ بالىغ بولۇش شەرتتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن بالىغ بولۇش شەرتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشى قىلمىشلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ: ھوشىدىن كەتكەن كىشى ھوشىغا كەلگۈچىلىك، ئۇخلىغان كىشى ئويغانغۇچىلىك ۋە كىچىك بالىلار بالاغەتكە يەتكۈچىلىك»[1].

بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ دەلىلى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بىزمۇ بۇ مەزھەپنىڭ قارىشىغا قوشۇلىمىز.

زاكاتنىڭ ئۈچىنچى شەرتى: ئەقىل _ ھوشى جايىدا بولۇش

زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل _ مالغا ئىگە بولغان ساراڭلارغا زاكات پەرز بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇيرۇلغۇچىنىڭ ئەقىل _ ھوشى جايىدا بولغان بولۇشى شەرتتۇر. ساراڭلارمۇ بۇ مەسىلىدە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارغا ئوخشاشتۇر. مانا بۇ، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كۆرۈشىدۇر.

ئەمما شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، ئەقىل ھوشى جايىدا بولمىغان ساراڭلارنىڭ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن پۇل _ مېلى بولسا ئۇلارنىڭمۇ زاكات بېرىشى پەرز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇل _ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى ئۇلاردىن ۋەكىل بولۇپ ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن بېرىدۇ.

ھەر ئىككى مەزھەپنىڭ دەلىلى يۇقىرىقى، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ مەسىلىسى توغرىلىق كەلتۈرۈلگەن دەلىللەرنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ مەسىلىدىمۇ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كۆرۈشى ئەمەل قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

زاكاتنىڭ تۆتىنچى شەرتى: مەلۇم مىقداردا پۇل _ مالغا ئىگە بولۇش

ئىسلام شەرىئىتى زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلىگەن مىقدارغا يەتمىگەن پۇل _ مالغا ئىگە بولغان كىشىگە زاكات پەرز ئەمەس. چۈنكى زاكات بايلار ئۈچۈن بۇيرۇلغان بىر پەرزدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاكات _ مۇسۇلمان بايلىرىدىن ئېلىپ ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان بىر پەرزدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن _ بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك – ئاتالغان بايلاردىن ياكى مىليونېرلاردىن بولۇش شەرت ئەمەس. بەلكى زاكاتنى پەرز قىلىدىغان مىقدار شەرىئەتتە بايلىق دەپ سانالغان مىقدار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، كىشىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 200 دىرھەم (595 گرام) كۈمۈش ياكى 20 مىسقال ياكى 20 دىنار (21 ئاگارلىق ئالتۇندىن 85 گرام) ئالتۇننىڭ قىممىتىدىكى پۇل _ مېلىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گرام كۈمۈش كەلگۈچىلىك ئىقتىسادقا ئىگە

---

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولغان كىشى ئۆچۈن زاكات پەرز بولىدۇ. چۈنكى ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى هالدا يۇقىرىقى زاكات مىقدارىغا ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەكىگە ئىگە بولغان ئادەم ئىسلام شەرىئىتى نەزىرىدە باي ھېسابلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ زاكات بېرىشى پەرز بولۇپ بۇيرۇلغان بولىدۇ.

پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش مەقسىتىدە، يۇقىرىقى ئالتۇن ۋە كۈمۈش مىقدارىنىڭ قايسىسىنىڭ قىممىتى ئەرزان بولسا شۇ ھېسابقا ئېلىنىدۇ، يەنى85 گرام ئالتۇننىڭ باھاسى 595 گرام كۈمۈشنىڭ باھاسىدىن ئەرزان بولسا، زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئالتۇننىڭ مىقدارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر 595 گرام كۈمۈشنىڭ باھاسى 85 گرام ئالتۇننىڭ باھاسىدىن ئەرزان بولسا، زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن كۈمۈشنىڭ مىقدارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىدا ئېتىبار قىلىنىدىغان مىقدارنى بەلگىلەپ: «20 مىسقال (ياكى 20 دىنار)غا يەتمىگەن ئالتۇنغا زاكات كەلمەيدۇ. ئالتۇن 20 مىسقالغا يەتسە ۋە ئۇنىڭ مۈلكىگە كىرگەنگە بىر يىل ئۆتسە، ئۇنىڭدىن يېرىم مىسقال زاكات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ بولغىنىغا شۇ ھېساپ (يەنى 20 مىسقالغا يېرىم مىسقالدىن زاكات بېرىش) بويىچە زاكات بېرىلىدۇ. ئىگە بولغىنىغا بىر يىل ئۆتمىگەن پۇل _ مالغا زاكات كەلمەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بەش ئاۋاقتا يەتمىگەن كۈمۈشكە زاكات كەلمەيدۇ » دەپ كۆرسەتكەن[2].

بىر ئاۋاق 40 دىرھەمگە تەڭ. نەتىجىدە، 5 ئاۋاق 200 دىرھەم(يەنى:5×40=200 دىرھەم)گە، 200دىرھەم 595 گرامغا تەڭ بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر 20دىنار (يەنى 20 مىسقال) ئالتۇندىن يېرىم مىسقال ۋە ھەر 40 دىرھەم كۈمۈشتىن بىر دىرھەم زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى»[3].

يۇقىرىقىلار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلىگەن مۆئەييەن مىقدارى بولۇپ، بۇنىڭدا بايلارنىڭ ۋە ئوتتۇرھاللارنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ يۆكلىرىنى يەڭگىللىتىش كۆزدە تۇتۇلغان. يۇقىرىقى مۆئەييەن مىقداردىن ئاز ئىقتىسادقا ئىگە بولغان كىشىلەرگە زاكات پەرز ئەمەستۇر. بىراۋنىڭ زاكات بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ نورمالدىكى ئائىلە ئېھتىياجىدىن تاشقىرى يۇقىرىقى زاكات ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مىقداردا پۇل _ مېلى بولۇشى شەرتتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىدىكى كىيىم _ كېچەكلىرى، ئۆي _ ئىمارەتلىرى، ئىشلىتىۋاتقان ماشىنىلىرى ۋە ئاياللىنىڭ، قىزلىرىنىڭ، كېلىنلىرىنىڭ زىننەت بويۇملىرى زاكاتنىڭ پەرز بولۇش ئۆلچىمىگە كىرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئۆي _ ئىمارەتلىرى قانچىلىك ھەشەمەتلىك، ئىشلىتىۋاتقان ماشىنىسى قانچىلىك قىممەت باھالىق بولۇپ كەتسۇن ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇلار ئېھتىياجنىڭ ئىچىدىكى شەيئىلەردۇر. شۇنىڭدەك، ئۆي جابدۇقلىرى، سانائەت ئەشيالىرى، كىتاب _ ماتېرىياللىرى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ قۇراللىرى زاكاتنىڭ پەرز بولۇش ئۆلچىمىگە كىرمەيدۇ ۋە زاكات كەلمەيدۇ. يۇقىرىقىلار قوللىنىش ئۈچۈن ئەمەس، تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان بولسا، ئۇلارغا ئەلۋەتتە زاكات

---

(1) ئىمام ئەھمەد، بەيھەقى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(3) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

كېلىدۇ.

زاكاتنىڭ بەشىنچى شەرتى: پۇل _ مالغا ئىگە بولغانغا بىر يىل ئۆتۈشى

زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان مۇئەييەن زاكات مىقدارىغا ئىگە بولغاندىن باشلاپ قەمەرىيە (ھىجرىيە) يىل ھېسابىدا تولۇق بىر يىلنىڭ ئۆتىشى زاكاتنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. ئىگە بولغانغا بىر يىل تولۇق توشمىغان پۇل _ مالغا زاكات كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل توشمىغان مال _ مۈلۈككە زاكات كەلمەيدۇ »[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەمما ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتىنى ئايرىش ئۈچۈن يىل ئۆتۈشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى يىغقان كۈنى ھېسابتۇر. مەدەنلەر ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى چىقارغان كۈنى ھېسابقا ئېلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويىدۇ. پۇل _ مال ئىگىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ بايلارغا زاكات چىقىرىشنى پەرز قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ زاكاتنى ئادا قىلىشىدىن بۇرۇن ئۇلارغا تولۇق بىر يىل ۋاقىت بەرگەن. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرىنى تىجارەت ۋە باشقا يوللۇق ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆستۈرۈۋېلىشى، ئاندىن زاكاتنى دەسمى مالدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چىققان پايدىسىدىن بېرىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك بولۇشى ئېھتىمال. ئەگەر پۇل ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسمىلىرىنى بۇيرۇلغان يوللار بىلەن ئۆستۈرۈشكە تىرىشمىغانلىقتىن ئۆستۈرەلمىگەن بولسا، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىندۇر. ئەمما زاكات بۇ ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ زىممىسىدىن ساقىت بولمايدۇ.

زاكاتنىڭ ئالتىنچى شەرتى: قەرزدار بولماسلىق

زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن قەرزدار بولماسلىق شەرتتۇر. چۈنكى زاكات _ نورمالدىكى ئېھتىياجىدىن تاشقىرى مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەن پۇل _ مالغا ئىگە بولغانلارغا بۇيرۇلغان پەرزدۇر. ھالبۇكى، قەرزدار بولغان ئادەم ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا زاكات پەرز ئەمەستۇر. ئەگەر بىراۋنىڭ نورمال ئائىلە ئېھتىياجىدىن تاشقىرى زاكات بېرىش مىقدارىغا يېتىپ ئاشىدىغان پۇل _ مېلى بولۇپ ئۈستىدە بۇ مىقدارنى بېسىپ چۈشىدىغان كۆلەمدە قەرز بولسا ئۇ باي ھېسابلانمايدۇ. بەلكى پېقىرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭغا زاكات پەرز بولمايدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ قولىدا نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى پۇل _ مېلى بار بولۇپ، ئۈستىدە قەرزمۇ بولسا، ئۇ ئاۋۋال قەرزىنى ئۆتەيدۇ، ئاندىن قەرزدىن ئاشقىنى زاكاتنىڭ پەرز بولۇش مىقدارىغا يەتسە ئۇنىڭدىن زاكات بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ مىقدارغا يەتكۈدەك نەرسە قالمىسا ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاكات بايلاردىن ئېلىنىدۇ. زاكاتنىڭ پەرز بولۇش مىقدارىغا يەتكۈدەك پۇل _ مېلى بولمىغان ئادەم باي ھېسابلانمايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن .

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ماۋزۇدا: «قولىدا مىڭ دىرھەم پۇلى بولغان بولسىمۇ،

---

(1) ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۆستىدە مىڭ دىرھەم قەرزى بار ئادەمگە زاكات پەرز ئەمەستۇر» دەپ كۆرسەتكەن.

**زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتى**

ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ھەر قانداق بىر پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ ئۆزى ئىبادەت بولغاندەك، زاكاتنى ئادا قىلىشمۇ كاتتا ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا كۆڭۈلدە نىيەت باغلاش شەرت قىلىنغاندەك، زاكاتنى ئادا قىلىشتىمۇ ئۇنى نىيەت قىلىش شەرتتۇر. ئۇ بولسىمۇ، زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدا ياكى ئۇنى بېرىش ئۈچۈن ئومۇمىي مېلىدىن ئايرىغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ زاكات بېرىۋاتقانلىقىنى كۆڭلىدە ھىس قىلىشى دېمەكتۇر. لېكىن زاكاتنى ئالغۇچى پېقىرلارنىڭ ئۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت ئەمەس. ھەتتا زاكات بەرگۈچى زاكات ئالغۇچىنىڭ كۆڭلىنى ئايىغانلىقتىن ئىچىدە زاكاتنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئالغۇچىغا ھەدىيە ياكى ياردەم دېگەندەك ئاتالغۇلار ئاستىدا بەرسىمۇ زاكات ئادا تاپىدۇ. چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. ئۇنى ئېلان قىلىش شەرت ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ بىلىشى يېتەرلىكتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە، ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ ﴾ يەنى﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەر بىلەن بولىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ»[2].

يۇقىرىقى شەرتكە بىنائەن، بىراۋ بىرسىدىن قەرز ئالغان بولۇپ، ئۇنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان بولسا، قەرز بەرگۈچىنىڭ مەزكۇر قەرزنى زاكاتقا ھېسابلىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ قەرزنى بەرگەن ۋاقتىدا زاكاتنى نىيەت قىلغان ئەمەس، بەلكى قەرز ھېسابىدا بەرگەن.

ھەنبەلى مەزھىپىنىڭ قارىشىچە زاكاتنىڭ نىيىتىنى زاكات بېرىشتىن ياكى زاكات بېرىلىدىغان مىقدارنى ئومۇمى مالدىن ئايرىشتىن قىسقا بىر مۇددەت بۇرۇن قىلىشمۇ جائىزدۇر. چۈنكى، زاكاتنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىدا ئۆزى ئۈچۈن باشقىسىنى ۋەكىل قىلىش جائىزدۇر. ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «زاكات بەرگۈچى ئۆزىنىڭ پۇل _ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن زاكاتنى نىيەت قىلغان ھالدا بىراۋنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ۋەكىل قىلىپ زاكاتقا ئايرىلغان مىقدارنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرغان بولسا، ۋەكىل بولغان كىشىنىڭ قايتا نىيەت قىلىشى شەرت ئەمەس. ئەگەر زاكات مېلىنىڭ ئىگىسى زاكاتنى نىيەت قىلمىغان بولسا ۋەكىلنىڭ نىيەت قىلغىنىنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى زاكات بەرگۈچى ئۇ ئەمەس»[3].

**زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى**

نورمال ئائىلە ئېھتىياجىدىن تاشقىرى زاكات بېرىشكە تېگىشلىك بولۇش مىقدارىغا يەتكەن پۇل

---

(1) بەييىنە سۈرىسى 4_ ئايەت.
(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) «المغني» 4_ توم 88_ بەت: ئىبنى قۇدامە.

_ مالغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئىگە بولغىنىغا تولۇق بىر يىل تولۇشى بىلەن ئۇنىڭ زاكىتىنى كېچىكتۈرمەستىن دەرھال ئادا قىلىشى بەلگىلىنىدۇ. بۇ فەقىھلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقىدۇر. چۈنكى، زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتى بەلگىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كېچىكتۈرۈش زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن پەرز بولۇپ بەلگىلىنىپ بولغان زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلمىغان كىشى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا كۆپ ھاللاردا زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، مۇبادا ئۇ زىيانغا ئۇچراپ ياكى تىجارىتى بۇھرانغا ئۇچراپ پۇل _ مالدىن ئايرىلىپ قالسا، بەلگىلىنىپ بولغان مەزكۇر زاكات ئۇنىڭ زىممىسىدىن ساقىت بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنى ۋە ئېھتىياج ئىگىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولىدۇ. شۇڭا زاكاتنى يىلنىڭ توشۇشى بىلەن تەڭ كېچىكتۈرمەستىن بېرىش پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «مالغا ئارىلاشقان زاكات ئاخىرى شۇ مالنى ھالاك قىلماي قالمايدۇ»[1] دېگەن. يەنى ئىگە بولغىنىغا بىر يىل تولغاندىن كېيىنمۇ زاكىتى ئايرىلمىغان پۇل _ مال ئاخىرى ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ، دېگەنلىك.

زاكىتىنى بېرىشكە تېگىشلىك پۇل _ مالغا ئىگە بولغىنىغا بىر يىل تولماستىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان كىشىگە زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىگە بولغان پۇل _ مالغا بىر يىل تولۇش زاكاتنىڭ پەرز بولۇپ بەلگىلىنىشى ئۈچۈن شەرتتۇر. ئەمما يىل توشقاندىن كېيىن زاكىتىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە چىقىرىپ بېرىشتىن بۇرۇن ھالاك بولغان پۇل _ مالنىڭ زاكىتى ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدە قالغان بولىدۇ. ئۇ پەقەت بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ. چۈنكى، بۇ زاكات پۈتۈن شەرتلىرى تولۇق بولغان ۋە بېرىشلا قالغان زاكات بولغانلىقتىن، ئۇ كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. شۇڭا فەقىھلار يىل توشقان ھامان زاكاتنى كېچىكتۈرمەستىن ئادا قىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھەممىسى بىردەك تەكىتلەيدۇ.

**زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا بولامدۇ؟**

ئالدى بىلەن شۇنى كەسكىن ئېيتىش كېرەككى، ئىسلام دۇنياسىدىكى پۈتۈن فەقىھلار زاكاتنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئادا قىلىشنىڭ جائىزلىقىدا ئىتتىپاقتۇر. ئۇلار بۇ ماۋزۇدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن بېرىشكە رۇخسەت قىلغان قىلغانلىقىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زاكاتنى يىل توشۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە سورىغىنىمدا، ئۇ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان»[2] دەيدۇ.

ھەسەن بەسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈچ يىللىق زاكات مىقدارىنى ئالدىنئالا بەرگەن كىشىنىڭ بەرگەن بۇ زاكىتى ئادا تاپامدۇ. دەپ سورالغىنىدا، ئۇنى ئادا تاپىدۇ ۋە جائىز، دەپ پەتىۋا بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بىزمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿فَاسْتَبِقُوا الْخَيْرَاتِ﴾ يەنى ﴿سىلەر ياخشى ئىشلارنى بەس _ بەستە قىلىڭلار﴾[3] دەيدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 148_ ئايەت.

ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرى بولغان زاكاتنى ئادا قىلىش شۈبھىسىزكى ئەڭ ياخشى ئەمەل _ ئىبادەتتۇر. بۇنداق ئىكەن، خالىغان كىشىنىڭ بىر يىللىق، ئىككى يىللىق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يىلنىڭ زاكىتىنى ئالدىنئالا بېرىشى جائىزدۇر ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا ئالدىرىغانلىقىدۇر. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا قۇرغاقچىلىق يەر تەۋرەش، سەل، ئۇرۇش قاتارلىق پالاكەتلەر كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن كېلىدىغان يىللارنىڭ زاكاتلىرىنى ئالدىنئالا بېرىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا: «بىرەر مۇسۇلماننى بۇ دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بولغان بىرەر قىيىنچىلىقتىن چىقارغان كىشىنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن چىقىرىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

**ئۈستىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك زاكات قالغان هالدا ئۆلگەن كىشى ھەققىدە**

زاكات بېرىش شەرتىگە توشقان پۇل _ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۈستىدە قالغان مەزكۇر زاكاتنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بەرسە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە فەقىھلار ئىختىلاپقا چۈشكەن:

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، زاكات بېرىش شەرتلىرىگە توشقان پۇل _ مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرەلمەي ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ قالدۇرغان پۇل _ مېلىدىن ئۇنىڭ ئورنىدا زاكات بېرىشى كېرەك. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ _ يا رەسۇلۇللاھ! ئانام ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇتالمىغان بىر ئايلىق پەرز روزا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەن تۇتۇپ قويسام بولامدۇ؟ _ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام – ھەئە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ھەممىدىن ئەلادۇر»[1] دەپ جاۋاپ بەرگەن.

يۇقىرىقى ئىككى مەزھەپ ۋەكىللىرى زاكاتنى روزىغا قىياس قىلىش ئارقىلىق زاكاتنىمۇ ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىپ ئادا قىلسا بولىدۇ، دېگەن كۆزۈشكە كەلگەن.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، زاكات بەرمەي ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۆلگۈچى ئۈستىدە قالغان زاكاتنى ئادا قىلىۋېتىش ئۈچۈن ۋارىسلىرىغا مەخسۇس ۋەسىيەت قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ مىراس قالدۇرغان پۇل _ مېلىنىڭ ئۈچتە بىرىدىن زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلىش ئىبادەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئورۇندىغۇچىنىڭ شۇنىڭغا نىيەت قىلىشى شەرت بولغاندەك، زاكاتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈنمۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلغان، شۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋارىسلىرىغا بۇ ھەقتە ۋەسىيەت قىلغان بولۇشى شەرتتۇر. ھالبۇكى، ئۆلگۈچى ئۈستىدىكى زاكات توغرىلىق ۋەسىيەت قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ ئۆلىشى بىلەن ئۇنىڭ مال _ دۇنياسى ۋارىسلىرىنىڭ ھەققىگە ئايلانغان تۇرسا، ۋارىسلىرىنىڭ بېرىپ قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بۇ قەرز، يەنى زاكات قانداقمۇ ئادا تاپسۇن؟! ئىبادەتلەر ئەسلىدە ئىنسانلارنى سىناش: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىتائەتچان بىلەن ئاسىينى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئايرىش ئۈچۈن پەرز قىلىنغان تۇرسا، ئۆلگۈچىنىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە ۋەسىيىتىسىز هالدا باشقىسىنىڭ ئورۇنلاپ قويغان بۇ ئىبادىتى قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن؟! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەسىلىدە هەنەفىي مەزهىپىنىڭ كۆز قارىشىغا ئەمەل قىلىمىز.

# زاكات ھەققىدە بەزى سوئاللارنىڭ جاۋابى

1. سوئال: ئىسلامدا زاكاتتىن باشقىمۇ ياردەم ۋاستىلىرى بارمۇ؟

جاۋاب: زاكاتتىن باشقىمۇ ياردەم ۋاستىلىرى كۆپتۇر. سەدىقە، ياردەم، خەير _ ساخاۋەت، ئېھسان قاتارلىق ئاتالغۇلار ئاستىدا بۇيرۇلغان ياردەم ۋاستىلىرى ئۇنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلارغا زاكاتتىن ئىبارەت بولغان مەجبۇرىي ياردەم ۋاستىسىنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە، سەدىقە، ياردەم، خەير _ ئېھسان، تۇغقاندارچىلىق قاتارلىق ئىختىيارىي ياردەم ۋاستىلىرىنى بۇيرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ئىچىدە گۈللىنىپ ياشىنىشىنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەم قىلىششىنى ئىماننىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن قىلىپ بەلگىلىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خوشنىسىنىڭ ئاچ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تويغۇزماستىن ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس!»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

2. سوئال: تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش _ ئۇرۇق _ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىش، يوقلاپ تۇرۇش دېگەنلەرنى ئىپادىلەيدۇ.
تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنى تەرك ئېتىش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھقا مۇستەھكەم ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرۇغان نەرسىنى(يەنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق ۋە دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى) ئۈزۈپ قويىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر _ ئەنە شۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ﴾[2] دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن. زاكات ۋە ھەر قانداق ياردەمنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرىش ئەۋزەلدۇر.

3. سوئال: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكات بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنى ئالغۇچىغا «بۇ زاكات» دەپ ئېيتىشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇنى ئالغۇچىغا «بۇ زاكات» دەپ بىلدۈرۈشى شەرت ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە زاكاتنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ھەدىيە ياكى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) رەئد سۈرىسى 25_ ئايەت.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ياردەم نامى بىلەن ئاتاپ بەرسىمۇ زاكات ئادا تاپىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى زاكات بېرىشتە ئۇنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى نىيەت شەرت قىلىنىدۇ. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر. قەلبتىكى نىيەتنى ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ھاجەت يوق. شۇڭا زاكات ئالغۇچىلارنىڭ يۈزىنى قىزارتماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئابروينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زاكاتنى باشقا ناملار بىلەن ئاتاپ بېرىشمۇ ياخشىدۇر

4. سوئال: بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ زاكاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات ئادا تاپامدۇ؟

جاۋاب: ئەسلىدە زاكات بېرىشتە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغانلارنى ئېنىقلاپ، تېپىپ شۇلارغىلا بېرىش ئارقىلىق زاكات پەرزىنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇسۇلمانلارنى زاكات بېرىشكە بۇيرىغان ئايەتلەردە، «أعطوا الزكاه» يەنى «زاكات بېرىڭلار»دېمەستىن، بەلكى، «آتوا الزكاة » يەنى «زاكاتنى ئادا قىلىڭلار» دېگەن ئىبارىنى قوللانغان. بۇنىڭ مەنىسى: زاكاتنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان شەخسلەرنى تېپىپ، شۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق بۇ پەرزنى جايىدا ئادا قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر. بۇ نىڭغا بىنائەن، زاكاتنى قانداقلا بىرسىگە بېرىش بىلەن پەرز ئادا تاپمايدۇ. بەلكى زاكاتقا ھەقلىق بولغانلارنى ئىزدەپ تېپىپ شۇلارغا بېرىش ئارقىلىقلا زاكات پەرزى ئادا تاپقان بولىدۇ. ئەمما زاكات بەرگۈچى بىراۋنى پېقىر دەپ ئويلاپ زاكاتنى ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن، زاكات ئالغۇچىنىڭ پېقىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتىدىكى ئۇنى پېقىر دەپ بىلگەن ئېتىقادى ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ بەرگەن بۇ زاكىتى جائىزدۇر. بۇنداق زاكات ئادا تاپىدۇ. بۇ ۋاقىتتا زاكات بەرگۈچىنىڭ قايتا زاكات بېرىشىگە ھاجەت يوق. بەلكى، زاكات بەرگۈچى ئۇنى بەرگەن ۋاقتىدا ئۆز گۇمانى بويىچە پېقىرغا بەرگەن بولدى. چۈنكى كىمنىڭ باي، كىمنىڭ پېقىر ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىش ھەر ۋاقىت ئۇڭاي ئەمەس. ئەمما كىشىلەرنىڭ زاكات ئېلىشقا ئېھتىياجلىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆزىدىن سوراش شەرت ئەمەس، بەلكى بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ئۆزىدىن سورىماستىن باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە بولىدۇ. شۇنداق قىلىش ئەڭ ياخشى يولدۇر.

5. سوئال: قەرزنى زاكاتقا ھېسابلاشقا بولامدۇ؟

جاۋاب: بىراۋنىڭ باشقا بىرسىدە قەرزى بولۇپ، قەرزدارنىڭ پېقىرلىقى سەۋەب بىلەن قەرزنى تۆلىيەلمىگەن بولسا، بۇ قەرزنى قەرز ئىگىسىنىڭ زاكاتقا ھېساب قىلىشىغا بولمايدۇ. چۈنكى زاكاتنى ئادا قىلغۇچىنىڭ ئۇنى بەرگەن ۋاقىتتا زاكاتنى نىيەت قىلىشى شەرتتۇر. ھالبۇكى، قەرز بەرگۈچى قەرزنى بەرگەن ۋاقىتتا زاكاتنى نىيەت قىلغان ئەمەس، بەلكى قەرز نىيىتى بىلەن بەرگەن بولغانلىقتىن كېيىنچە ئۇنى زاكاتقا ھېسابلاشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى شۇكى، زاكات بەرگۈچى زاكاتقا ئاتىغىنىنى قەرزدارغا بېرىپ زاكىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قەرزىنى سورىسا ۋە ئالسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇل بىلەن قەرزدار پۇلغا ئىگە بولغان، ئاندىن ئىگە بولغان بۇ پۇلدىن ئۆستىدىكى قەرزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

6. سوئال: بىر ياكى ئىككى يىللىق زاكاتنى ئالدىن بېرىش جائىزمۇ.

جاۋاب: بىر، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يىلنىڭ زاكىتىنى ئالدىن بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغانلىقتىن سانىلىپ ئۇنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولىدۇ. خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا يەر تەۋرەش، سەل، قۇرغاقچىلىق قاتارلىق پالاكەتلەر كەلگەن ۋاقىتتا مۇسۇلمان بايلىرىنىڭ بىر قانچە يىللىق زاكاتلىرىنى ئالدىن بېرىشى ئەۋزەلدۇر، ئەلۋەتتە. چۈنكى زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئىبارەت بولغانىكەن، مۇشۇنداق ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ھالقىلىق پەيتتە قىلىنغان ياردەمنىڭ ساۋابى ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ.

5. سوئال: زاكات بېرىش شەرتىگە توشۇپ زاكات پەرز بولغاندىن كېيىن ھالاك بولغان مالنىڭ زاكىتى ساقىت بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ قارىشىچە، زاكات بېرىش شەرتلىرى تولۇق بولغاندىن كېيىن ھالاك بولۇپ كەتكەن مالنىڭ زاكىتى ساقىت بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشىچە، شەرتلىرى توشۇپ پەرز بولۇپ بولغان مال قايسىبىر سەۋەب بىلەن ھالاك بولسۇن، ئۇنىڭ زاكىتى ساقىت بولمايدۇ ۋە ئىگىسىنىڭ زىممىسىدە قەرز ھېسابىدا قالىدۇ. بۇ مەسىلىدە، ئىككىنچى مەزھەپنىڭ قارىشىغا ئەمەل قىلىنىدۇ.

6. سوئال: زاكات ئۆچۈن ئايرىغان مال زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە بېرىشتىن بۇرۇن ھالاك بولغان بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بۇنداق ھالەتتە زاكات قايتا بېرىلىدۇ. چۈنكى بېرىدىغان زاكاتنى ئايرىغانلىق زاكاتنى ئادا قىلغانغا ياتمايدۇ. بەلكى ئۇنى زاكاتقا ھەقلىق بولغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا زاكات پەرزى ئادا بولىدۇ. بۇ پۈتۈن فەقىھلارنىڭ ئورتاق قارارىدۇر.

سوئال: زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشىغا يېتەرلىك شەرتلىرى تولۇقلىنىپ بولغان مالنىڭ زاكىتىنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش جائىزمۇ؟

جاۋاب: زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۆچۈن يېتەرلىك مىقداردا پۇل _ مالغا ئىگە بولغانغا ھىجرىيە ھېسابىدا تولۇق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىش پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ ۋە دەرھال ئادا قىلىش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى، خۇددى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن ھامان نامازنى ئادا قىلىش پەرز بولغاندەك، زاكاتنىمۇ شەرتلىرى تولۇقلىنىپ ئادا قىلىش ۋاقتى كەلگەن ھامان كېچىكتۈرمەستىن ئادا قىلىش پەرزدۇر. زاكاتنى ئۆزۈرسىز كېچىكتۈرگەن ئادەم گۇناھكار بولىدۇ. ئەقبە ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغاندىم، ئۇ نامازدىن سالام بېرىپ بولۇپ ناھايىتى ئالدىرىغان ھالدا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆيىدىن چىقىپ يېنىمىزغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراپ ئۆيىگە تېز كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلىنىۋاتقان مەسجىد ئەھلىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا: ‹نامازدا تۇرغىنىمدا ئۆيۈمدە ئازراق خام ئالتۇننىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم _ دە، ئۇنىڭ بىزدە تۇرۇپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقىمدىن، شۇڭا ئالدىراپ كىرىپ ئۇنى ئېھتىياج

ئىگىلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىشنى بۇيرۇدۇم» دېدى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەپ: «سېنىڭ پۇل _ مېلىڭغا زاكات پەرز بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى دەرھال ئادا قىلمىساڭ، هارام هالالنى هالاك قىلىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ھەدىستىكى«هارام»دىن مەقسەت، هاجەت ئىگىلىرىنىڭ ھەققى بولغان ۋە مال ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ بولالمىغان زاكات، «هالال»دىن مەقسەت، مال ئىگىسىنىڭ زاكاتتىنىڭ سىرتىدىكى پۇل _ مېلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «مالغا ئارىلاشقان زاكات ئۇ مالنى هالاك قىلماي قالمايدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# زاكات كېلىدىغانماللار

**زاكات كېلىدىغان ماللار**

1 _ نەق پۇل

2 _ تىجارەت ماللىرى

3 _ ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار

4 _ چارۋا ماللىرى

5 _ يەر ئاستى بايلىقلىرى

6 _ دېڭىز بايلىقلىرى

7 _ شىركەت ھەسسىدارلىقى

**نەق پۇل _ زاكىتىنىڭ مىقدارى**

ئالتۇن، كۈمۈش، يۈەن، تەڭگە، سوم، رىيال، دوللار قاتارلىق خەلق پۇللىرى قاتارلىق نەق پۇلنىڭ زاكات مىقدارى 2،5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت)تۇر. يەنى نورمال ئائىلە ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا 21 ئىيارلىق ئالتۇندىن 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گرام كۈمۈشى ياكى بۇنىڭ قىممىتىدە نەق پۇلى بولغان كىشىنىڭ ئۇمۇمىي نەق پۇلىدىن % 2،5 نى زاكاتقا بېرىشى پەرزدۇر. بۇ نىسبەت 40 تىن 1 گە تەڭ(يەنى 40مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا ئىگە بولغان كىشىگە مىڭ يۈەن زاكات ئايرىش پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ). مانابۇ، 2،5% گە تەڭدۇر. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر:

«كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى ھەربىر قىرىق دىرھەمگە بىر دىرھەمدىن ھېسابلاپ كەلتۈرۈڭلار. كۈمۈش 200 دىرھەمگە يەتمىگۈچىلىك ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. كۈمۈش مىقدارى 200 دىرھەمگە يەتسە ئۇنىڭدىن 5 دىرھەم زاكات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ بولغىنىغا شۇ ھېساب (يەنى ھەر 200 دىرھەمگە 5 دىرھەمدىن ئايرىش) بويىچە ھېسابلاپ زاكات بېرىلىدۇ»[1].

«كۈمۈشنىڭ مىقدارى 200 دىرھەمگە يەتسە ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭغا 5 دىرھەم كۈمۈش پۇل _ زاكات كېلىدۇ. ئالتۇن مىقدارى 20 مىسقالغا (ياكى 20 دىنار)غا يەتمىگۈچىلىك ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. ئۇ 20 مىسقالغا يەتسە ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭغا يېرىم دىنار ئالتۇن زاكات كېلىدۇ. ئىگە بولغىنىغا بىر يىل توشمىغان پۇل _ مالغا زاكات كەلمەيدۇ»[2].

يۇقىرىقى ھەدىسلەر نەق پۇل زاكىتىنىڭ مىقدارى 40 دىن بىر يەنى 2.5% ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئېقىۋاتقان نەق پۇل ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئىدى.

(1) ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

شۇڭا يۇقىرىقى ھەدىسلەردا نەق پۇل ئۈچۈن بۇ ئىككىسىلا تىلغا ئېلىنغان. ئەمما كۈنىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان نەق پۇل ئالتۇن، كۈمۈشتىن باشقا يەن، تەڭگە، سوم، رىيال، دوللار قاتارلىق خەلق پۇللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق بولغانىكەن، يۇقىرىقى خەلق پۇللىرىنىڭ زاكىتى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ زاكات مىقدارى بويىچە 40دىن بىر، يەنى 2.5% بېرىلىدۇ.

ئەللامە ئەبۇ بەكرى جازائىرى «منهاج المسلم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كىشى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچبىرى ئۆز ئالدىغا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسا، ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئىككىسىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مىقدارى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە ئىككىسىدىن ھەر بىرىنىڭ ئايرىم زاكات مىقدارى بويىچە زاكات بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرۇلۇق سورالغىنىدا: ‹ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى بىر _ بىرىگە قوشۇپ تۈرۈپ ئىككىسىنىڭ ئومۇمى مىقدارىدىن زاكات بەرسەڭ بولىدۇ›[1] دەپ كۆرسەتكەن».

شۇنىڭدەك، ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەق پۇلنىڭ بىرىنىڭ زاكىتىنى يەنە بىرىدىن بېرىش جائىزدۇر. مەسىلەن: بىر دىنار ئالتۇن زاكات بېرىشنىڭ ئورنىغا 10 دىرھەم كۈمۈش بېرىش ياكى 10 دىرھەم كۈمۈش بېرىشنىڭ ئورنىغا بىر دىنار ئالتۇن بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى 10 دىرھەم كۈمۈشنىڭ قىممىتى بىر دىنار ئالتۇنغا تەڭ. ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ زاكىتى ئۈچۈن قەغەز پۇلدىن بېرىش جائىز بولغاندەك، ئۇنىڭ ئەكسىمۇ، يەنى خەلق پۇلىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن بېرىشمۇ جائىزدۇر»[2].

**تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى**

تىجارەت ماللىرى _ تىجارەت ۋە باشقا قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىغان ماللار دېمەكتۇر. بارلىق فەقىھلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە تىجارەت ماللىرىغا زاكات كېلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ ئۆزى قوللۇنۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېتىش ياكى كىراغا قويۇش ئۈچۈن تۇتۇلغان زېمىن، ئۆي _ ئىمارەت، دۇكان، كىيىم _ كېچەك، ماي، ئۇن، گۈرۈچ، رەخت قاتارلىق تىجارەت ماللىرىنىڭ ھەممىسىگە زاكات كېلىدۇ. بۇ ماللارغا ئىگە بولغانغا بىر يىل توشقان ھامان ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەق پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ، نەق پۇلغا زاكات بېرىش مىقدارى بويىچە، 2،5% زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى تىجارەت ماللىرىمۇ نەق پۇلنىڭ ئورنىدىدۇر.

فەقىھلار بۇ ئايەتنى تىجارەت ماللىرى ئۈچۈن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ كۆپتۇر:

سەمرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سېتىش ئۈچۈن تەييارلىغان ماللىرىمىزنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇغان»[3].

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تۆگە، قويغا زاكات كەلگەندەك، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان كىيىملەرگىمۇ ئەلۋەتتە زاكات

---

(1) ئىمام مالىك رىۋايىتى.
(2) («منهاج المسلم » ئا. جازائىرى.
(3) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

كېلىدۇ»[1] دېگەن.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ئەمرە ئىبنى ھاماسنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ سۆزىنى بايان قىلغان: «مەن تېرە ۋە قازان قاتارلىق ئەشيالارنى سېتىۋاتاتتىم، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەندىن‹سەن پۇل _ مېلىڭنىڭ زاكىتىنى بەردىڭمۇ؟› دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ‹بۇ پەقەت تېرە بىلەن قازان تۇرسا، بۇنىڭغا زاكات كېلەمدۇ؟› دېۋىدىم، ئۇ ماڭا‹ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرگىن› دىدى»[2].

يۇقىرىقىلاردىن ئوچۇقلاندىكى، پۇل _ مالنى ئۆستۈرۈش نىيىتى بىلەن تۇتۇلغان يەر _ زېمىن، ئۆي _ ئىمارەت، يېمەك _ ئىچمەك، كىيىم _ كېچەك، رەخت _ ماتېرىيال، قاتناش قوراللىرى، ئۆي سايمانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن زاكات ئايرىش پەرزدۇر.

تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتا تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ:

1 _ تىجارەتنى باشلىغانغا تولۇق بىر يىل توشقاندىن كېيىن، قولدىكى تۈرلۈك ماللارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ شۇ دۆلەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلىدۇ.

2 _ تىجارەت ماللىرىنىڭ خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغان ئومۇمىي پۇل مىقدارىغا يېنىدىكى نەق پۇللارنى قوشىدۇ.

3 _ يۇقىرىقى ئومۇمىي پۇل مىقدارىدىن 2.5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت) زاكات بېرىلىدۇ.

ئەگەر زاكات بەرگۈچىنىڭ ئۈستىدە قەرز بولسا، بېرىلىدىغان زاكات مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۈستىدىكى قەرز مىقدارىنى ھېسابتىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئورتاقلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ قەرزى بولسا، بۇ قەرزنى ئومۇمىي پۇلنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ زاكات بېرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى قەرزىنىڭ زاكىتىنى شۇ قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغانغا قەدەر كېچىكتۈرسىمۇ بولىدۇ.

**خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە**

ئاز ساندىكى بەزى پۇل _ مال ئىگىلىرى زاكات پەقەت ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىغىلا كېلىدۇ. ئەمما تىجارەت ماللىرى ئۈچۈن زاكات بېرىش پەرز بولمىسا كېرەك، دەپ جۆيلۈيدۇ. بۇ زاكات بېرىشتىن قاچىدىغان بېخىللارنىڭ ئەرزىمەس كۆزقارىشى، خالاس. ئادەتتە ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گرام كۈمۈش قىممىتىدە پۇل _ مېلى بولغان ئادەم ئۈچۈن زاكات پەرز بولغان يەردە، مىليونلىغان خەلق پۇلىنىڭ قىممىتىدىكى ماللارنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان فابرىكا، زاۋۇت، كارخانا قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرگە ئىگە بولغان بايلارنىڭ ماللىرىغا قانداقمۇ زاكات كەلمىسۇن؟!

ئىسلام دىنى بۇنداق بىمەنىلىكتىن پاكتۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا دەيمىزكى، تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان

(1) ئىمام بەيھەقىي ۋە دارقۇتنى رىۋايىتى.
(2) ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ھەرقانداق نەرسە نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. بۇنداق ئىكەن،تىجارەت ماللىرى بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلى ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوقتۇر.

ئەگەر ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىغا زاكات پەرز بولۇپ، تىجارەت ماللىرىغا زاكات كەلمەيدىغان بولسا، بايلارنىڭ ھەممىسى نەق پۇللىرىغا ئېھتىياج سىرتىدا يەر _ زېمىن، ئۆي _ ئىمارەت، قاتناش قوراللىرى، تىجارەت ماللىرى قاتارلىق ماللارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق زاكات بېرىشتىن قېچىش يۇرىستىگە ئىگە بولغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ زاكاتنى پەرز قىلىشتىكى غايىسى ئەمەلگە ئاشمىغان بولار ئىدى. ئەمما ئانداق ئەمەس! ئىسلام دىنى زاكاتنى پەرز قىلىشتا جەمئىيەتتىكى پېقىر، مىسكىن، يېتىم _ يېسىر، تۇل، باققۇچىسىز قالغان ياشانغانلار، مېيىپلار قاتارلىق ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ماددىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ ھاياتلىقنىڭ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ ھەقتە: «ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل _ ماللىرىدا ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلدى»[1].

ئەللامە مەھمۇد شەلتۇت «پەتىۋا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تىجارەت ماللىرىغا زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە فەقىھلار بۇرۇندىن ھازىرغا قەدەر بىردەك ئىتتىپاقتۇر. تىجارەتچى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ماللىرى زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە، ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم بارچە ماللىرىنىڭ ئومۇمىسىنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ ئۇنىڭدىن زاكات بېرىدۇ. ئەمما سودا ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن تۇتۇلغان دۇكان _ ماگىزىن ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئەشيالار قوللىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. تىجارەت ماللىرى نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئۇلار پۇلغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ماللاردۇر. ئەگەر تىجارەت ماللىرىغا زاكات كەلمەيدىغان بولسا ئىدى، كۆپلىگەن بايلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇل _ ماللىرىنى زاكاتتىن قاچۇرۇپ ئالالىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپۈنچىسىدە ئىقتىسادنىڭ مەنبەسى تىجارەت بىلەن زىرائەتچىلىكتۇر. بايلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ زاكاتنى تەرك قىلىشى زاكاتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى يوقىتىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. نەتىجىدە ئىسلام دىنىنىڭ زاكاتنى پەرز قىلىشتىكى ۋە ئۇنى شەرىئەت ئاساسلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىشىدىكى ھېكمەت يوقالغان بولىدۇ»[2].

### يىل ئىچىدىكى كىرىمنىڭ مەسىلىسى

بىز يۇقىرىدا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن زاكات ئۆلچىمىگە يېتەرلىك پۇل _ مالغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل توشۇشى شەرت دېگەنىدۇق. ئەمما تىجارەت ئەسناسىدا قولغا كىرىپ تۇرىدىغان ماللارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئايرىم _ ئايرىم يىل ساناشقا ھاجەت يوق. پەقەت يىل بېشى ۋە ئاخىرى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. يىلنىڭ ئاخىرىدا قولغا كەلگەن پۇل _ مالنىڭ ھەممىسىگە بىراقلا زاكات بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئايدا مىڭ يۈەن مائاش ئالىدىغان بىر كادىر ياكى ئىشچىنىڭ ئالغان مائاشى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئايلىق خىراجىتىدىن ئېشىپ ئۇ ھەر ئايدا 400 ياكى 500 يۈەندىن ئىقتىساد قىلغان بولسا، يىل ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا بولغان ئومۇمىي پۇل مىقدارىدىن زاكات بېرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا يىل بېشىدا 1000 يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ مەبلەغ3000

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) «الفتاوى» شەيخ مەھمۇد شەلتۇت 121_ بەتتىن.

يۈەنگە يەتكەن بولسا، زاكات بېرىشتە يىل ئاخىرىدىكى قولىدا مەۋجۇت بولغان مەبلەغ ھېساب قىلىنىدۇ يەنى 3000 يۈەندىن زاكات بېرىدۇ. چۈنكى قولىغا چۈشكەن ھەربىر قېتىملىق مەبلەغ ئۆچۈن ئايرىم _ ئايرىم يىل ساناش قىيىن ئىشتۇر. چۈنكى بەزىدە كىشىنىڭ قولىغا ئاز _ ئازدىن پۇل كىرىپ تۇرىدۇ. قولىغا كىرگەن ھەر قېتىملىق پۇلنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ۋە ھەر قېتىم كىرگەن پۇل ئۆچۈن يىل ساناش ھەقىقەتەن قىيىن ئىشتۇر. شۇڭا يىلنىڭ ئاخىرىدا قولىدا مەۋجۇت بولغان مەبلەغدىن زاكات بېرىلىدۇ. تىجارەتچىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى ھەر ئايدا قولىغا كىرىم كىرىپ تۇرىدىغان تىجارەتچى ئۆچۈن ھەر قېتىم قولىغا كەلگەن پۇل _ مالغا ئايرىم يىل ساناش ۋە ھەر قېتىمدا كىرگەن پۇل ئۆچۈن ئايرىم بىر يىلنى توشقۇزۇش تولىمۇ قىيىندۇر. شۇڭا تىجارەتچى، كادىر، ئىشچى ۋە ھۈنەرۋەن قاتارلىقلار زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىغا يېتەرلىك مىقداردا پۇل _ مالغا ئىگە بولغىنىغا تولۇق بىر يىل تولغاندىن، يىل ئاخىرىدا قولىدا بار بولغان ئومۇمىي پۇل مىقدارىنىڭ زاكىتىنى چىقىرىدۇ.ئەمما يىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆسۈش ياكى كېمىيىشلەر ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. پەقەت زاكات بېرىدىغان ۋاقىتتا قولىدا بولغىنى ھېسابتۇر.

**ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ھەققىدە**

يۇقىرىدا، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نورمال ئېھتىياجىدىن تاشقىرى پۇل _ مالغا ئىگە بولغان كىشى ئۆچۈن زاكاتنىڭ پەرز بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرىدىن سانىلىدىغان ئىگىدارچىلىقىغا زاكات كەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەنىدۇق. بۇ پىرىنسىپلارغا ئاساسەن، فەقىھلار ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ نورمالدىكى ئېھتىياجلىرىدىن سانىلامدۇ ياكى ئېھتىياج سىرتىدىكى بايلىقلاردىن سانىلامدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئىختىلاپ قىلىشقان: ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۇلارنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرىدىن سانىغانلار ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ، دەپ قارار قىلغان. بۇنى دېگەنلەر شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرى. ساھابىلەردىن ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە جابىرلاردۇر. ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئۇلارنىڭ نورمال ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدىكى بايلىق دەپ قارىغانلار ئۇلارغا زاكات كېلىدۇ، دەپ قارار قىلغان. بۇنى دېگەنلەر ھەنەفىي مەزھىبى ۋە ساھابىلاردىن ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس ۋە سەئىد ئىبنى مۇسەييەب قاتارلىقلاردۇر. تۆۋەندە ھەر ئىككى مەزھەپنىڭ دەلىللىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ:

بىرىنچى مەزھەپ، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كەلمەيدۇ، دېگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاياللار ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى قوللىنىشقا ئېھتىياجلىقتۇر. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ نورمالدىكى يېمەك _ ئىچمەك، كىيىم _ كېچەك قاتارلىق زۆرۈر ئېھتىياجلىرىغا ئوخشاش ئېھتىياجلىرىدىكى ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە، قىزلارنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى، دەپ شېرىك كەلتۈرگۈچى مۇشرىكلارغا رەددىيە بەرگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن: ﴿أَوَمَنْ يُنَشَّأُ فِي الْحِلْيَةِ وَهُوَ فِي الْخِصَامِ غَيْرُ مُبِينٍ﴾ يەنى﴿(ئۇلار) زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان

قىلالمايدىغان (قىزلارنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىشقا بولامدۇ؟)﴾[1].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئايال جىنسىنىڭ كېرەكلىك ئەشيالىرىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنداق ئىكەن، ئاياللارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك نەرسىلەردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەبىئىي ئېھتىياجلىرىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا زاكات كەلمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئاياللار يۇقىرىقى زىننەت بۇيۇملىرىنى تىجارەت بىلەن ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە تۇتقان ۋە ساقلىغان بولسا ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ.

2. ئىمام مالىك«مۇۋەتتا» ناملىق ئەسىرىدە:«ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەدنىڭ يېتىم قىزلىرىنى باقاتتى، ئۇلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدىن زاكات بەرمەيتتى» ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ قىزلىرى ۋە چۆرىلىرى ئالتۇن بۇيۇملىرىنى تاقايتتى. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر بۇلارنىڭ زاكىتىنى چىقارمايتتى».[2] دېگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى ھەدىسلەردا كۆرگىنىمىزدەك بەزى ساھابىلەرمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كەلمەيدۇ دەيدىغان پىكىرىدە ئىدى. ئەگەر ئاياللارنىڭ بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئۆز ئېھتىياجلىرىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇلارنى قوللانمىسا ياكى زاكات بېرىشتىن قېچىپ نەق پۇللىرىغا بۇ بۇيۇملارنى ئېلىپ ساقلىغان بولسا، پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ.

ئىككىنچى مەزھەپ، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كېلىدۇ، دېگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەلىللىرى مۇنداق:

1.«قوللىرىدا ئالتۇن بىلەيزۈكلىرى بولغان ئىككى ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن سورىدى:

_ بۇلارنىڭ زاكىتىنى بەردىڭلارمۇ؟

_ ياق، يارەسۇلۇللاھ _ دېدى ئاياللار، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دېدى:

_ سىلەر قىيامەت كۈنى قوللىرىڭلارغا ئوتتىن بىلەيزۈك سېلىنىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟

_ ياق، ئەلۋەتتە ياقتۇرمايمىز يارەسۇلۇللاھ،

_ ئۇنداقتا بۇلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىڭلار _ دېدى[3].

2. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەيدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمدىكى كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپ،

_ بۇ نېمە ئەي ئائىشە؟ _ دەپ سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا :

_ بۇلارنى سىلى ئۈچۈن زىننەتلىنىش مەقسىتىدە ياساتقان ئىدىم يارەسۇلۇللاھ – دەپ جاۋاپ بەردىم، ئاندىن ئۇ مەندىن سورىدى:

---

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 18_ ئايەت.
(2) «مۇۋەتتا» 1_ توم 250_ بەت.
(3) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

_ بۇلارنىڭ زاكىتىنى بەردىڭىزمۇ؟

_ ياق.

_ دوزاخقا كىرىشىڭىز ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك _ دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام»[1].

3.ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە نوتۇق سۆزلەپ «ئەي ئاياللار جامائەسى! زىننەت بۇيۇملىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى بېرىڭلار، ئەگەر بەرمىسەڭلار، بۇ سىلەرنىڭ كۆپلىرىڭلارنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇشۇڭلارغا سەۋەپ بولىدۇ»[2] دېدى.

بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارنى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

4.ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كېلەمدۇ؟ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا:«ئەلۋەتتە زاكات بېرىشىڭىز كېرەك»[3] دېگەن ئىدى.

5.ئەمر ئىبنى شۇئەيب بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇغان»[4].

6 . ئىمام بەيھەقىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇساغا: «يېنىڭدىكى مۇسۇلمان ئاياللارغا بۇيرىغىنكى، ئۇلار زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلسۇن»[5] دەپ مەكتۇپ يازغان.

**خۇلاسە:**

«يۇقىرىقىلار فەقىھلارنىڭ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتى توغرىلىق ئۆز كۆرۈشلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كەلتۈرگەن دەلىللىرى بولۇپ، شافىئى، مالىكى ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرىنىڭ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كەلمەيدۇ دېگەن رايىدا ئاياللار ئۈچۈن ئۇڭايلىق ۋە كەڭچىلىك باردۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كېلىدۇ دېگەن رايى دەلىل جەھەتتە كۈچلۈكتۇر. بۇنىڭدا ئېھتىياتچانلىق كۆزدە تۇتۇلغان.

يۇقىرىقى ئوخشاش بولمىغان مەزھەپ قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ دەيمىزكى، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن مۇتلەق زاكات كەلمەيدۇ دېيىش، پۇرسەتپەرەسلەر ئۈچۈن زاكات بېرىشتىن قېچىش ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەنلىكتۇر. نەتىجىدە، بەزى كىشىلەر زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كەلمەيدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ بار پۇلىغا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك ئەشيالاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ ساقلاش ئارقىلىق زاكات پەرزىنى ئادا

---

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام مالىك رىۋايىتى.
(4) ئىمام نەسائى ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
(5) ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى.

قىلىشتىن باش تارتىشتا غەلىبە قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پېقىر ، يېتىم _ يېسىر قاتارلىق ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلغان بولىدۇ.

شۇڭا ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا دەيمىزكى، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، بۇلۇپكا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت ئادەتتە ئاياللار ئىشلىتىدىغان ۋە نورماللىقتىن چەتنەپ كەتمىگەن ھالدىكى زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئادەتتىكى نورماللىقتىن ئېشىپ كەتكەن، نورمال ئېھتىياجنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنى قوللانماستىن نەق پۇل ئورنىدا ساقلىغان ياكى قىممىتى نورمال باھادىن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى: ئون مىڭ ھەتتا يۈزمىڭ دوللارلىق قىممەتكە ئىگە زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كېلىدىغانلىقىدا شەك يوق»[1].

ئىمام خەتتابىي «ھەدىس ئىلىملىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «‹قۇرئان كەرىم›نىڭ زاكات ھەققىدە كەلگەن ئومۇمىي ئايەتلىرى ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكات كېلىدۇ دەيدىغانلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ھەقلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ھەدىسلەرمۇ شۇنداق. ئېھتىياج يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك»[2].

ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:«ئاياللارنىڭ ئادەتتە ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈ ن زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما پۇلغا ئېھتىياج تېپىلغاندا سېتىپ خەجلەش نىيىتى بىلەن ساقلاپ قويۇلغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكات كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، زاكات بېرىشتىن نىيىتىدە سېتىۋالغان زىننەت بۇيۇملىرىغىمۇ زاكات كېلىدۇ، ئەلۋەتتە يەقەت ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن تۇتقانلىرىدىنلا زاكات ساقىت بولىدۇ. ئېقتۇۋاتقان ئادەتكە ئويغۇن ھالدا ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك ئەشيالاردىن ياسالغان بىلەيزۈك، ئۈزۈك بولاپكا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئېقتۇۋاتقان ئادەتكە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىغا زاكات كېلىدۇ»[3] .

يۇقىرىقىلار فەقىھلارنىڭ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتى ھەققىدىكى كۆرۈشلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپقا چۈشكەن بولسىمۇ، ئاياللارنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرىنىڭ سىرتىدا بولغان، پۇل ئورنىدا ساقلانغان ۋە باھاسى پەۋقۇلئاددە قىممەتلىك بولغان زىننەت بۇيۇملىرى ئۈچۈن زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدە ھەممە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. زاكات ئەسلىدە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى پېقىرلارنىڭ، يېتىم _ يېسىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ يۈزلىرىنى كۈلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پەرز قىلىنغان مۇھىم بىر پەرزدۇر. زاكات بېرىش بەرمىگەندىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا، ئاللاھ يولىدا بىر يۈەن سەرپ قىلغان كىشىگە 700 ھەسسە ۋە خالىسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بەرىكەت ۋە ساۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. شۇڭا بۇ مەسىلىدە ھەركىم ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن ھېسابلىشىشى ۋە مۇسۇلمانلىق سۈپىتى بىلەن شۈبھىلەردىن يىراق بولۇپ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. ئاياللار زىننەتلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئالماس، مەرۋايىت ۋە زەبەرجەدلەرمۇ شەرىئەت نەزىرىدە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان

---

(1) « زاكات پەرزى» م. ئەلى سابۇنىي 48_ بەت.
(2) « علوم الحديث » خەتتابىي 1_ توم 291_ بەت.
(3) «المغني » 4_ توم 220_ بەت، ئىبنى قۇدامە.

زىنىنەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش بولۇپ، قوللىنىۋاتقانلىرىغا زاكات كەلمەيدۇ. ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا بولۇپ پۇل ئورنىدا ساقلانغانلىرىغا زاكات كېلىدۇ. زىنىنەت بۇيۇملىرىنىڭ زاكىتىنى خەلق پۇلىدىن بەرسە بولىدۇ. زاكات بېرىش مىقدارى نەق پۇلنىڭ زاكات مىقدارى بويىچە، 2،5% (يۈزدىن ئىككى يېرىم پىرسەنت)دۇر.

**باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنىڭ زاكىتى**

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئۈستىدىكى قەرزنى ئېتىراپ قىلغان، قەرزنى قاچان تەلەپ قىلسا، شۇ چاغدا دەرھال قايتۇرۇپ بېرەلەيدىغان كىشىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز بولۇپ، گەرچە بۇ قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زاكىتىنى ھەر يىلى قولىدىكى پۇل _ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىغان چاغدا تولۇق ئايرىش پەرزدۇر. چۈنكى مۇنداق كىشىنىڭ قولىدىكى قەرز ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا بولغان نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر.

2. ئۈستىدىكى قەرزنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئەمما بېرەلەيدىغان شارائىتتا ئەمەس ياكى ئۇزۇنغا سوزۇۋېتىدىغان ۋە ياكى قەرزگە تېنىۋالغان كىشىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز بولۇپ، بۇنداق قەرزگە زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئەگەر تاپشۇرۇپ ئالسا، بىر يىللىقىنىڭ زاكىتىنى بېرىۋەتسە ياخشى، لېكىن پەرز ئەمەس»[(1)].

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «ئۈستىدىكى قەرزنى ئېتىراپ قىلغان، قەرزنى قاچان تەلەپ قىلسا قايتۇرالايدىغان، باي ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرزگە ھەر يىلى زاكات كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قولىدا بولغانغا ئوخشاشتۇر. ئەمما ئادا قىلىشنى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ، قولىدىكى پۇل _ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىغاندا ھەر يىلى ئادا قىلسىمۇ بولىدۇ. ئاۋۋالقىسى رۇخسەت، كېيىنكىسى ياخشى ئەمەلگە ئالدىرىغانلىقتۇر. ئەمما ئۈستىدىكى قەرزنى بېرەلمەيدىغان ياكى ئۇزۇنغا سوزۇۋېتىدىغان كىشىنىڭ ئۈستىدىكى قەرزگە زاكات كەلمەيدۇ. ھەتتا بۇ قەرز ئون يىل قالسىمۇ زاكات پەرز ئەمەس. ئەمما تاپشۇرۇپ ئالغاندا شۇ بىر يىلنىڭ زاكىتىنىلا بېرىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ زاكىتىنى بېرىش پەرز ئەمەس»[(2)].

**چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى**

بۇ ماۋزۇدىكى چاۋار ماللىرىدىن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿أُحِلَّتْ لَكُمْ بَهِيمَةُ الْأَنْعَامِ ﴾ يەنى﴿سىلەرگە (قوي، كالا، تۆگە ۋە ئۆچكە قاتارلىق) ھايۋانلار ھالال قىلىندى﴾[(3)] دەيدۇ.

---

(1) سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن «ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ مۇنەججىد پەتىۋالىدى» 125854- نومۇرلۇق پەتىۋادىن.

(2) «ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى» 1117- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابى.

(3) مائىدە سۈرىسى 1_ ئايەت.

بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان چارۋا ماللىرىدىن يايلاقتا قويۇپ بېرىپ باققانلىرىغا زاكات بېرىش پەرزدۇر. ئەمما ئۆيدە باققانلىرىغا بوداقچىلىق قىلىش ئۈچۈن تۇتۇلمىغان بولسا زاكات كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئېشەك، خېچىر قاتارلىق گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارغىمۇ زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ مىنىشى ۋە ئۇستىگە يۈكلىرىنى ئارتىشى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً﴾ يەنى﴿ئاللاھ ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى﴾[1].

**چارۋا ماللىرىغا زاكات كېلىشىنىڭ شەرتلىرى**

چارۋا ماللىرىغا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشىنىڭ شەرتى3 بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. يىلىنىڭ ھەممىسىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە يايلاقلارغا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولۇشى.

2. ئىگىسىنىڭ مۈلكىگە ئۆتكىنىگە تولۇق بىر يىل توشقان بولۇشى.

3. زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى.

يۇقىرىقى شەرتلەرنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. يىلىنىڭ ھەممىسىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولۇشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «يايلاقتا بېقىلغان قوينىڭ زاكىتىدا 40تىن 120گىچىلىك بولغانلىرىغا بىر قوي زاكات بېرىلىدۇ»[2].

چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىدا، ئۇلارنىڭ يىلىنىڭ ھەممىسىدە ياكى ئۇنىڭ كۆپرەكىدە يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولۇشىنى شەرت قىلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان ماللار ئىگىسىدىن ئارتۇق چىقىم تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۆيدە بېقىلغان ماللارنىڭ چىقىملىرى چاپالىرى كۆپ بولىدۇ. شۇكى ئىسلام دىنى مال ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلىنغانلىقتىن ئۆيدە بېقىلغان ماللارغا زاكات بېرىشنى پەرز قىلمىغان.

2. چارۋا ماللىرىغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل تولغان بولۇشى بولۇپ، ئىسلام دىنى مال ئىگىلىرىنىڭ ئەسلىي ماللىرىنى زاكات ئۈچۈن چىقىم قىلماسلىقى، بەلكى بىر يىل ئىچىدە نەسىللىنىپ كۆپەيگەنلىرىنىڭ بىرقىسمى بىلەن زاكاتنى ئادا قىلىشىنى كۆزلەپ بۇ شەرتنى بەلگىلىگەن.

3. چارۋا ماللىرىنىڭ زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى بولۇپ، چارۋىلارنىڭ تۈرى ۋە سانى ئېتىبارى بىلەن ئۇلارغا كېلىدىغان زاكات مىقدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندە چارۋا ماللىرىدىن ھەر بىرىنىڭ زاكات مىقدارى بايان قىلىنىدۇ.

**تۆگىنىڭ زاكات مىقدارى**

سانى بەشكە يەتمىگەن تۆگىگە زاكات كەلمەيدۇ. تۆگىنىڭ سانى بەشكە يەتكەندە، ئۇنىڭدىن بىر قوي، ئونغا يەتكەندە ئىككى قوي زاكات بېرىلىدۇ. بەشتىن يىگىرمىگىچە ھەربىر بەش تۆگە ئۈچۈن بىردىن قوي زاكات بېرىلىدۇ. تۆگىنىڭ سانى 25 تىن ئاشقاندىن كېيىن ئەھۋال باشقىچە

---

(1) نەھل سۈرىسى 8_ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| تۆگە سانى | زاكات مىقدارى |
|---|---|
| 1 _ 4 | زاكات كەلمەيدۇ. |
| 5 _ 9 | 1 قوي |
| 10 _ 14 | 2 قوي |
| 15 _ 19 | 3 قوي |
| 20 _ 24 | 4 قوي |
| 25 _ 35 | چىشى تۆگىدىن 1 |
| 36 _ 45 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 1 |
| 46 _ 60 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 1 |
| 61 _ 75 | بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن 1 |
| 76 _ 90 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 2 |
| 91 _ 120 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 2 |
| 121 _ 129 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 3 |
| 130 _ 139 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن1، ئۈچ ياشلىقتىن 2 |
| 140 _ 149 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن2، ئۈچ ياشلىقتىن 2 |
| 150 _ 159 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 3 |
| 160 _ 169 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 4 |
| 170 _ 179 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن3، تۆت ياشلىقتىن 1 |
| 180 _ 189 | ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن2، تۆت ياشلىقتىن 2 |

| | |
|---|---|
| 190 _ 199 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن3، ئۈچ ياشلىقتىن 1 |
| 200 _ 209 | تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن4، ئۈچ ياشلىقتىن 5 |

تۆگىلەرنىڭ سانى يۇقىرىقى مىقداردىن ئاشقاندا، ھەربىر 50 تۆگە ئۈچۈن تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىر، ھەربىر 40 تۆگە ئۈچۈن ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىر تۆگە ھېسابى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ. جەدۋەلدە كۆرگىنىمىزدەك، تۆگىلەرنىڭ زاكىتىدا بېرىلىدىغان تۆگىلەرنىڭ جىنسى پەقەت چىشى تۆگىلەردىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر فەقىھلارنىڭ ئىجتىھادلىرىدىن بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن زاكات مىقدارىدۇر. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا بۇ بەلگىلىمىلەر قەيت قىلىنغان. بۇ بەلگىلىمىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئالللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن، قوي، كالا ۋە ئۆچكە قاتارلىق چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بۇ ماللارنىڭ ئۆز جىنسىدىن بېرىشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، 25كە يەتمىگەن تۆگىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن قويلاردىن بېرىشنى بەلگىلىگەن. بۇنىڭدا، پېقىرلار ۋە بايلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى 5 تۆگىگە ئىگە بولغان كىشى ئىسلام نەزىرىدە باي ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ. ئەمما 5 تۆگىدىن 1 تۆگە زاكات بېرىشنى بەلگىلەش تۆگە ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلمىغانلىق بولىدۇ. 5 تۆگىسى بار ئادەمگە زاكاتنى بەلگىلىمەسلىك بولسا پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى زايا قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئالللاھ تائالا تۆگىلەرنىڭ زاكات مىقدارىنى پەيغەمبىرىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى بويىچە بەلگىلىگەن.

**كالىنىڭ زاكىتى**

كالىنىڭ زاكىتى تۆگە ۋە قويلارنىڭ زاكىتىدىن پەرقلىقتۇر. كالا سانى 30 غا يەتمىگۈچىلىك ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. كالىلارنىڭ سانى 30غا يەتسە، ئۇلارغا ئىگە بولغانىغا تولۇق بىر يىل ئۆتكەن ۋە يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى كۆپرەكىدە يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان بولسا 30 كالىغا 2 ياشلىق كالىدىن 1 كالا زاكات بېرىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| **كالا سانى** | **زاكات مىقدارى** |
|---|---|
| 1 _ 29 | زاكات كەلمەيدۇ. |
| 30 _ 39 | ئىككى ياشلىق ئەركەك ياكى چىشى كالىدىن1 |

| | |
|---|---|
| 40 _ 59 | ئۈچ ياشلىق چىشى كالىدىن 1 |
| 60 _ 69 | ئىككى ياشلىق ئەركەك ياكى چىشى كالىدىن2 |
| 70 _ 79 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن1، ئىككى ياشلىق ئەركەكتىن1 |
| 80 _ 89 | ئۈچ ياشلىق چىشى كالىدىن 2 |
| 90 _ 99 | ئىككى ياشلىق چىشى كالىدىن 3 |
| 100 _ 109 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن1، ئىككى ياشلىق ئەركەكتىن2 |
| 110 _ 119 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن2، ئىككى ياشلىق ئەركەكتىن1 |
| 120 _ 129 | ئۈچ ياشلىق چىشىدىن3 ياكى ئىككى ياشلىقتىن4 كالا زاكات بېرىلىدۇ. |

كالىلارنىڭ سانى يۇقىرىقى جەدۋەلدىكىلەردىن ئاشقاندا، ھەربىر 30 كالىدىن 2 ياشلىق چىشى ياكى ئەركەك كالىدىن1، ھەربىر 40 كالىدىن 3 ياشلىق چىشى كالىدىن1 كالا ھېسابى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شۇنداق بەلگىلەنگەن.

**قويلارنىڭ زاكىتى**

ئىسلام دىنىنىڭ زاكات سىستېمىسى بويىچە، قوي بىلەن ئۆچكە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئەرەپ تىلىدىكى «غەنەم » سۆزى قوي ۋە ئۆچكە ھەر ئىككى جىنسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا تۆۋەندە «قوي» ئىبارىسى سۆزلىنىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىبارە قوي بىلەن ئۆچكە ھەر ئىككىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

قويلارنىڭ زاكات مىقدارىنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بەلگىلىگەن بولۇپ، سانى 40قا يەتمىگەن قويغا زاكات كەلمەيدۇ. قويلارنىڭ سانى 40قا يەتسە، يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى كۆپرەك قىسمىدا يايلاقلاردا قويۇپ بېرىپ بېقىلغان ۋە بۇ قويلارغا ئىگە بولغانغا تولۇق بىر يىل توشقان بولسا 40 تىن 120 گىچىلىك بولغان قويدىن 1 قوي زاكات بېرىلىدۇ.

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

| **قوي سانى** | **زاكات مىقدارى** |
|---|---|
| 1 _ 30 | زاكات كەلمەيدۇ. |

| | |
|---|---|
| 40 _ 120 | بىر ياشتىن ئاشقان قويدىن 1 |
| 121 _ 200 | 2 قوي |
| 201 _ 399 | 3 قوي |
| 400 _ 499 | 4 قوي |
| 500 _ 599 | 5 قوي |
| 600 _ 699 | 6 قوي |
| 700 _ 799 | 7 قوي زاكات بېرىلىدۇ. |

قويلارنىڭ سانى يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى مىقداردىن ئاشقاندا، ھەربىر 100 قوي ئۈچۈن 1 قويدىن زاكات بېرىش ھېسابى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ.

سالىم ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويلارنىڭ زاكىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سانى 40 تىن 120 گىچە بولغان قويلار ئۈچۈن 1 قوي، 120 دىن 200 گىچە 2 قوي، 200 دىن 300 گىچە 3 قوي، قوي سانى 300 دىن ئاشقاندىن كېيىن ھەربىر 100 قوي ئۈچۈن 1 قويدىن ھېسابلاپ زاكات بېرىلىدۇ. زاكات بېرىشتە، قېرى ۋە قاتتىق ئۇرۇق قويلارنى بېرىشكە بولمايدۇ». (ئىبنى ماجا رىۋايىتى)

**ئەسكەرتىش:**

قوينىڭ زاكىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قويلارنىڭ 6 ئايلىقتىن چوڭ ۋە ئۆچكىلەرنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۆچكىنىڭ 1 ياشنى تولۇقلىغان بولۇشى شەرتتۇر. بۇنىڭدىن كىچىك بولغان قوزا ياكى تېكىلەرنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىش بىلەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوي ۋە ئۆچكىلەر ئۈچۈنمۇ بۇ شەرت تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاتلارغا زاكات كېلەمدۇ؟

فەقىھلاردىن كۆپچىلىكىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، ئاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ. پەقەت ئۇلارنى تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا زاكات كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاتلار تىجارەت ماللىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئاتقا زاكات كەلمەيدۇ دەيدىغان ئالىملارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1.ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىلكىدىكى ئاتلىرى بىلەن قۇللىرىغا زاكات كەلمەيدۇ»[1].

2.ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن ئاتلىرىڭلار بىلەن قۇللىرىڭلاردىن زاكات بېرىش كەچۈرۈم قىلىندى»[2] دېگەن.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشىۋاسى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى جىنىستىن ئاتلىرى بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئاتلار ئۈچۈن زاكات بېرىشى پەرز ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇنىڭدا ئاتلارنىڭ نەسللىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. «الهدايه» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئات ئىگىلىرى ھەربىر ئات ئۈچۈن خالىسا بىر دىنار، خالىسا 10 دىرھەم زاكات بېرىدۇ. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئەمما ئاتقا زاكات كەلمەيدۇ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى بولغان ھەدىستىكى ‹ئاتنىڭ زاكىتى سىلەردىن كەچۈرۈم قىلىندى› دېگەن سۆزدە غازاتقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق ئاتلارغا زاكات كەلمەيدىغانلىقىغا پۈتۈن مەزھەپ ئىگىلىرى ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئۇلار نورمال ئېھتىياجلاردىن سانىلىدۇ»[3].

خۇلاسە قىلغاندا، ئاتقا زاكات كەلمەيدۇ دەيدىغانلارنىڭ قاراشلىرى كۈچكە ئىگىدۇر. ئەمما ئات ئېلىپ سېتىش ئارقىلىق ئات تىجارىتى قىلىدىغانلارنىڭ ئاتلىرىغا زاكات كېلىدىغانلىقىدا ھېچ ئىختىلاپ يوقتۇر. چۈنكى بۇنداق ئاتلار تىجارەت ماللىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاتلاردىن تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكات مىقدارى بويىچە 2.5% زاكات بېرىش پەرزدۇر.

**تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چارۋىلارنىڭ زاكىتى**

تىجارەت مەقسىدى بىلەن تۇتۇلغان تۆگە، كالا، ئات، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ماللارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتا ئۇلارنىڭ سانى ۋە تۈرى ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەق پۇلغا سۇندۇرۇلغان قىممىتى ئېتىبارى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ. شۇڭا تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان بۇ ماللارنىڭ زاكىتىدا يۇقىرىدا ئۆتكەن جەدۋەللەردىكى سان ۋە مىقدارلار ھېسابقا ئېلىنماستىن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ھېساب قىلىنىدۇ. ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى نەق پۇلنىڭ زاكات ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇش شەرتى بىلەن بۇ ماللارغا زاكات پەرز بولىدۇ ۋە نەق پۇل زاكىتىنىڭ مىقدارى بويىچە بۇ ماللاردىن 2.5% زاكات بېرىلىدۇ.

«تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلماقچى بولغان ئادەم، ماللارنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى نەق پۇلىغا قوشۇپ تۇرۇپ ھەممىسىنىڭ ئومۇمىي پۇل مىقدارىدىن 2.5% زاكات بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىلكىدىكى چارۋىلىرىنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتى نەق پۇلدىن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، سان جەھەتتىن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا بۇ چارۋىلار تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلمىغان ئادەتتىكى چارۋىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ، يۇقىرىقى جەدۋەللەردىكى سان ۋە مىقدار بويىچە زاكات

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(3) الهدايه 1_ توم 108_ بەت: مەرغىنانى.

بېرىلىدۇ»[1].

### زاكاتقا بېرىشكە يارىمايدىغان ماللار

ئىسلام شەرىئىتى مال ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا زاكاتنى بەلگىلەشتە ماللىرىنىڭ خىللىرىدىن تاللاپ بېرىشنى بۇيرىمىغاندەك، زاكات ئالغۇچى ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى قوغداش مەقسىدى بىلەن زاكات بېرىشتە مال ئىگىلىرىنىڭ ئەيىپلىك، قېرى، ئاغرىقچان، بەك ئورۇق ۋە چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ماللاردىن بېرىشنى مەنئىي قىلغان ۋە ئوتتۇرھاللىرىدىن بېرىشنى بۇيرىغان. ئادەتتە، قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدىغان ماللار زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىش ئۈچۈنمۇ يارىمايدۇ. ئابدۇللا ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى ئورۇندىغان كىشى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەستىن ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلغان؛ مال _ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى ئۆز رىغبىتى بىلەن ھەر يىلى تولۇق ئادا قىلغان ۋە زاكاتقا قېرى، ئورۇق، ئاغرىقچان، سۈتى ئاز ماللاردىن ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرھاللىرىدىن بەرگەن كىشىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشىڭلارنى سورىمايدۇ ۋە ئەڭ ناچارلىرىدىن بېرىشىڭلارنىمۇ بۇيرۇمايدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە:«زاكاتقا قېرىلىقتىن چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئەيىپلىك ماللار قوبۇل قىلىنمايدۇ»[3] دەپ كۆرسىتىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى كۆرسەتمىلىرىدە مال ئىگىلىرى بىلەن پېقىرلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ۋە ھەقلىرىنى ھېمايە قىلىش مەقسەت قىلىنغان، ئەلۋەتتە. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا آَتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىلەردىن چەكلىنىڭلار﴾[4].

ئەگەر مال ئىگىلىرى زاكات بېرىشتە ماللىرىنىڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشنى خالىسا بۇ ئۆزلىرىنىڭ پىداكارلىقىدۇر. بۇنىڭ ساۋابىمۇ ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ماللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشكە زورلانمايدۇ. بەلكى ئوتتۇرا ھاللىرىدىن بەرسە زاكات ئادا تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فَإِنَّ اللَّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە ھەرگىز ياخشىلىققا (جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾[5].

### ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتى

نەق پۇل، تىجارەت ماللىرى ۋە چارۋا ماللىرىغا زاكات پەرز بولغاندەك، ئاشلىق ۋە

(1) «الزكاة وتنمية المجتمع»سەييد ئىمام ئەھمەد مەخزەنچى 139_ بەتتىن.
(2) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(3) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(4) ھەشر سۈرىسى 7_ ئايەت.
(5) ئال ئىمران سۈرىسى 92_ ئايەت.

مېۋىلەرگىمۇ زاكات پەرزدۇر. ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكىتى «ئۆشرە _ خىراج»، «ئۆشرە زاكات» ۋە «ئۆشرە» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئاشلىق ۋە مېۋىلەرگە زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ الَّذِي أَنْشَأَ جَنَّاتٍ مَعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾ يەنى﴿ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلغان، مېۋىلىرى بىر _ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر _ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتقان زاتتۇر. مېۋىلىگەندە ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋىنى يىغقان كۈندە، ئۇنىڭ (ھەققىنى(ئۆشرىسىنى) ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾[1] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشلىق، مېۋە قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ زاكات مىقدارىنى ۋە كەيپىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «يامغۇر ياكى بولاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان مەھسۇلاتلاردىن ئوندىن بىر (يەنى %10 )، ئادەم كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىرىدىن ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى (يەنى %5 ) ئۆشرە _ خىراج بېرىلىدۇ»[2].

بۇ ھەدىستىن ئېنىقلىنىدۇكى، يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاشلىق، مېۋە قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن %10 زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى يامغۇر بىلەن سۇغۇرۇلغان مەھسۇلاتلاردا چىقىم ۋە جاپا ئاز بولىدۇ. ئەمما ئادەم كۈچى بىلەن ياكى زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن سۇغۇرۇلغانلىرىدىن %5 زاكات بېرىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلغانلىقىدۇر.

## ئۆشرە _ خىراج بېرىش ئۇسۇلى

يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ يېتىشكەن ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلىنى 10غا بۆلۈپ، ئۇنىڭ 1 بۆلۈكى، ئادەم كۈچى بىلەن ياكى زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن سۇغۇرۇپ يېتىشتۈرۈلگەن ئاشلىق، مېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلىنى 20گە بۆلۈپ، ئۇنىڭ 1 بۆلۈكى، ئەگەر بۇ ئاشلىق، مېۋىلەر يامغۇر سۈيى ۋە ئادەم كۈچى ھەر ئىككىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلىنى 15گە بۆلۈپ، ئۇنىڭ 1 بۆلۈكى، يەنى %7.5 ى زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بېرىلىدۇ.

## ئاشلىق ۋە مېۋىلەرگە زاكات كېلىشنىڭ ئۆلچىمى

فەقىھلار ئاشلىق ۋە مېۋىلەردىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەن بولۇشى شەرت قىلىنامدۇ ياكى ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن زاكات كېلەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، ئاشلىق، مېۋىلەرنىڭ زاكىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇئەييەن ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇشى

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 141_ ئايەت.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى زېمىندىن چىققان مەھسۇلات ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇلاردىن زاكات بېرىش پەرزدۇر.

ئەمما شافىئىي، ھەنبەلىي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، زېمىندىن چىققان مەھسۇلاتلاردىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى675 كىلوگرامدىن كەم بولماسلىقى شەرتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «بەش ئەۋسەقكە يەتمىگەن مەھسۇلاتقا زاكات كەلمەيدۇ»[1] دېگەن.

«ئەۋسەق» قەدىمقى ئۆلچەكلەردىن بولۇپ، بىر «ئەۋسەق» 60 «سا»غا، بىر «سا» تەخمىنەن 2كىلو 600گىرامغا تەڭ.

**خۇلاسە:**

بۇ مەسىلىدە يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپنىڭ كۆرۈشى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كۆرىشى ئېھتىياتچانلىق ۋە تەقۋالىققا يېقىندۇر.

**كۆكتاتلارنىڭ زاكىتى**

فەقىھلار كۆكتاتلارغا زاكات كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن:

بىرىنچى مەزھەپنىڭ قارىشىچە، زېمىندىن چىقىدىغان ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلار ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەممىسىگە زاكات كېلىدۇ. بۇ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىبى بولۇپ، بۇلارنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ الَّذِي أَنْشَأَ جَنَّاتٍ مَعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهًا وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ إِذَا أَثْمَرَ وَآتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾ يەنى﴿ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلغان، مېۋىلىرى بىر _ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر _ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتقان زاتتۇر. مېۋىلىگەندە ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋىنى يىغقان كۈندە، ئۇنىڭ (ھەققىنى(ئۆشرىسىنى) ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾[2] .

بۇ ئايەت زېمىندىن چىقىدىغان ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىدىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ئۆتكەن: «يامغۇر ياكى بولاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان مەھسۇلاتلاردىن ئوندىن بىر (يەنى 10%)، ئادەم كۈچى بىلەن

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 141_ ئايەت.

سۇغۇرۇلغانلىرىدىن ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى (يەنى 5%) ئۆشرە _ خىراج بېرىلىدۇ»[1]. دېگەن ھەدىسى زېمىندىن چىققان ھەر قانداق مەھسۇلاتتىن زاكات بېرىشنىڭ پەرزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ھەدىس زېمىندىن چىقىدىغان ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتات قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى مەزھەپكە كۆرە، مەھسۇلاتلارغا زاكات كېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇغداي، ئارپا، قوناق، خورما ۋە قۇرۇق ئۈزۈمگە ئوخشاش كېلولاپ تارتقىلى ۋە ساقلىغىلى بولىدىغان بولۇشى شەرتتۇر. ئەمما كۆكتاتلارنى كىلولاپ تارتقىلى بولسىمۇ، ئۇلارنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ دەلىللىرى مۇنداق:

«ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «كۆكتاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ»[2] دەپ كەلگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۆكتاتلاردىن زاكات بېرىش پەرز ئەمەس» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان»[3].

يۇقىرىدىقى ئىككى ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغانلىقى ھەدىسشۇناس ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچكە ئېرىشەلمىگەن.

بۇ ماۋزۇنىڭ خۇلاسىسى: شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ ئاشلىق، مېۋىدەك كىلولاپ تارتقىلى ۋە ساقلىغىلى بولىدىغانلىرىغا ئۆشرە زاكات كېلىدۇ. ئەمما كۆكتاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇلارنى ساقلىغىلى بولمايدۇ دېگەن كۆرىشى تەتبىق قىلىشقا ئۇڭايدۇر. ئەمما ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ زېمىندىن چىققان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەر قانديقىغا زاكات كېلىدۇ، دېگەن كۆرىشى يېقىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە دەلىل جەھەتتىنمۇ كۈچلۈكتۇر. چۈنكى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار (يەنى زاكات بېرىڭلار)﴾[4] دەپ بۇيرۇغان.

بۇ ئايەتمۇ زېمىندىن چىقىدىغان ھەر قانداق بىر مەھسۇلاتتىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇنىڭدەك، كۇۋەيتنىڭ «زاكات ئىشلىرى كومىتېتى» مۇ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىنى ئىختىيار قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ كومىتېتنىڭ زاكات لايىھەسىدە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «زېمىندىن چىقىدىغان ھەر قانداق مەھسۇلاتتىن زاكات بېرىش پەرزدۇر. زېمىن مەھسۇلاتى ئاشلىق مېۋە ۋە

(1)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) دار قۇتنىي رىۋايىتى.
(3) دار قۇتنى رىۋايىتى.
(4) بەقەرە سۈرىسى 266_ ئايەت.

كۆكتاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

بۇ مەسىلىدە، ئەڭ توغرىسى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپىدۇر. چۈنكى، كۆكتات دەپ ئاددى سانالغان ئوتياشلار كۈنىمىزدە بەزى ئەللەرنىڭ خېلى چوڭ ئىقتىساد مەنبىيى بولۇپ قالماقتا. باغۋەنچىلىك ۋە كۆكتاتچىلىق بىلەن كۆتۈرۈلگەن بايلارمۇ ئاز ئەمەس. ناۋادا كۆكتاتلارنى «ساقلىغىلى بولمايدىغان ئوتياشلار» دېگەن باھانە بىلەن بۇلارنىڭ زاكىتىنى چىقارماسلىق پېقىرلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلمىغانلىقتۇر. چۈنكى بۈگۈنكى زامانلاردا كىلولاپ تارتىلمايدىغان ۋە ساقلىغىلى بولمايدىغان بۇ كۆكتاتلار كۈنىمىزدە كىلولاپ تارتىلىدۇ ۋە بۇلارنى ھازىرقى زامانىۋى ئۈسۇللار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ساقلىغىلى بولىدۇ. دېمەك، كۆكتاتلاردىن زاكات بەرمەسلىككە ئۆزرە يوقتۇر.

**كۆكتاتلارنىڭ زاكات مىقدارى**

كۆكتاتلارنىڭ زاكات مىقدارى ئاشلىق ۋە مېۋىلەرنىڭ زاكات مىقدارىنىڭ ئەينىسى بولۇپ، مەھسۇلات ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، ھەر ھالەتتە، يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان كۆكتاتلاردىن 10%، ئادەم كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىرىدىن 5%، ئادەم كۈچى ۋە يامغۇر سۈيى ھەر ئىككىسى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىرىدىن 7.5% ى زاكات بېرىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

1. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر يىل ئۆتۈشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى يىغقان ۋاقىت ئۆشرە زاكاتىنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاقتىدۇر. بىر يىلدا 2 ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم ھوسۇلى ئېلىنىدىغان ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلاردىنمۇ ھەر قېتىم ھوسۇل يىغقان ۋاقىتتا ئۆشرە زاكىتىنى بېرىش پەرزدۇر. چۈنكى، زاكات بېرىلىدىغان ماللار ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارغا ئوخشاش ئۆزلىكىدىن ئۆسىدىغان شەيئىلەر بولۇپ، بۇلارغا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن يىل ئۆتۈشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى يىغقان ۋاقىتتىلا زاكات پەرز بولىدۇ. يەنە بىرى، خەلق پۇلى، ئالتۇن، كۈمۈش، تىجارەت ماللىرى، چارۋا ماللار قاتارلىق ئۆزلىكىدىن ئۆسمىسىمۇ ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان ماللار بولۇپ، بۇلارغا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئىگە بولغان ۋاقىتتىن تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

2. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلاردىن ئۆشرە زاكات بېرىشنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بۇلارنىڭ مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى مول ھوسۇل مىقدارى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەر ھالەتتە ئۇلاردىن ئۆشرە زاكات بېرىش پەرزدۇر.

3. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتىدا ئوتتۇراھاللىرىدىن بېرىلىدۇ. ناچارلىرىنى تاللاپ بېرىش بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمىغاندەك، ئەڭ ياخشىلىرىدىن بېرىشكىمۇ زورلانمايدۇ.

4. ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئەسلى قائىدە ھەر مەھسۇلاتنىڭ ئۆشرىسىنى ئۆز جىنسىدىن بېرىشتۇر. ئەمما مەھسۇلاتنىڭ ئۆز جىنسىدىن

---

(1) («الزكاة وتنمية المجتمع » سەييد ئەھمەد مەخزەنجى 146_ بەت.

بەرمەستىن ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ خەلق پۇلىدىن بەرسىمۇ بولىدۇ.

**يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى**

بەزى فەقىھلار يەر ئاستى بايلىقلىرىنى مەدەن ۋە رىكاز دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ:

مەدەن _ يەر ئاستىدىن چىقىرىلىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، نېفىت، گاز قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

رىكاز _ ئىسلام دىنى كېلىشىدىن بۇرۇنقى چاغلاردىكى كىشىلەرنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈپ قويغان ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلىرى دېمەكتۇر. چۈنكى قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ ساقلاش قەدىمقى زامانلاردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئادىتى ئىدى.

ئەمما ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىيپىنىڭ قارىشىچە، مەدەن بىلەن رىكازنىڭ مەنىسى بىردۇر. چۈنكى مەيلى ئۇلارنى ئاللاھ تائالا يەر ئاستىدا شۇنداق ياراتقان بولسۇن، مەيلى قەدىمقىلەر كۆمۈپ قويغان بولسۇن، ھەر ئىككىسى يەر ئاستىدىن چىقىرىلغان بايلىقلاردۇر.

يەر ئاستىدىن قېزىلغان ياكى تېپىلغان بايلىقلاردىن زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن بېكىتىلگەن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار(يەنى زاكات بېرىڭلار)﴾[1] دېگەن بولۇپ، بۇ ئايەت، زېمىندىن چىقىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۈبھىسىزكى، مەدەنلەرمۇ زېمىندىن چىقىرىلىدىغان بايلىقلاردىندۇر. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُوا أَنَّمَا غَنِمْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ إِنْ كُنْتُمْ آمَنْتُمْ بِاللَّهِ وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَى عَبْدِنَا يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان كۈندە _ ئىككى قوشۇن (بەدرىدە) ئۇچراشقان كۈندە _ بەندىمىزگە چۈشۈرگەنلىرىمىزگە ئىشەنسەڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا، يېتىملارغا، يوقسۇللارغا ۋە خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا خاستۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«يەر ئاستىدىن چىقىرىلغان بايلىقتىن بەشتە بىرى زاكات بېرىلىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

**يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ زاكات مىقدارى**

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا نېفىت ۋە گاز قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى ئەگەر ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بايلىقلار بولسا، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ، چۈنكى

(1) بەقەرە سۈرىسى 266_ ئايەت.
(2) ئەنفال سۈرىسى 41_ ئايەت.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دۆلەت ئۇنى ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئەگەر مەزكۇر بايلىقلار بىرەر شەخسكە ياكى بىرەر شىركەتكە ئائىت بولسا، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئاز سانلىق ئۆلىمالار ئۇنىڭغا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى (يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ) يەنى (ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار (يەنى زاكات بېرىڭلار))[1] دېگەن ئايەتتۇر. چۈنكى ئالىلاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلار ئىگە بولغان ۋە زېمىندىن چىققان ھەممە نەرسىنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، نېفىت ۋە گازدىن2،5% (يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت) زاكات بېرىلىدۇ.

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، ئالماس، ياقۇت، قاشتېشى قاتارلىق قىممەتلىك تاشلار ئەگەر زىننەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ساقلانغان بولسا، بۇلار قانچىلىك قىممەت باھالىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ، ئەگەر تىجارەت ئۈچۈن تۇتۇلغان بولسا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بۇ نەرسىلەر تىجارەت مېلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا زاكات كېلىدۇ ۋە زاكات مىقدارى نەق پۇلنىڭ زاكات مىقدارىغا ئوخشاش بولۇپ، 2،5% دۇر.

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كۆزقارىشى باشقىچە بولۇپ، ئۇ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى 3 تۈرگە ئايرىيدۇ:

1 _ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر قاتارلىق ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولىدىغان مەدەنلەر.

2 _ ياقۇت، مارجان، قاشتېشى، مەرۋايىت قاتارلىق ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولمايدىغان مەدەنلەر.

3 _ نېفىتكە ئوخشىغان سۇيۇق ماددىلار.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىچە، بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرمەيدىغان تاغلاردىن، سەھرالاردىن قېزىلغان ياكى باشقىلارغا ئائىت بولغان زېمىندىن تېپىلغان ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر قاتارلىق ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولىدىغان مەدەنلەردىن بەشتىن بىرى (يەنى 20% سى) زاكات بېرىلىدۇ. قالغان 4 بۆلۈكى ئۇنى قازغان ياكى تاپقان كىشىنىڭ ھەققىدۇر. ئەگەر بۇ مەدەنلەرنى كىشى ئۆز ھويلىسىدىن ياكى ئۆزىگە ئائىت بولغان جايدىن تاپقان ياكى قازغان بولسا ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش كېرەك ئەمەس. چۈنكى زېمىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئائىت بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن چىققان بايلىقلارمۇ ئۆزىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان جايلاردىن تېپىلغان بايلىقلار ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن كۆمۈلگەن بولسا، ئۇنى تېپىۋالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن زاكات بېرىشى لازىم كەلمەيدۇ.

شۇنىڭدەك، ياقۇت، قاشتېشى قاتارلىق ئوت بىلەن ئېرىتكىلى بولمايدىغان مەدەنلەرگە ۋە نېفىت قاتارلىق سۇيۇق مەدەنلەرگە زاكات كەلمەيدۇ.

شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان مەدەنلەرگە

---

(1) بەقەرە سۈرىسى: 267_ ئايەت.

زاكات كېلىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش مىقدارى كىشى ئىشلەپ تاپقان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىنىڭ زاكىتىغا ئوخشاش 2.5% زاكات بېرىلىدۇ. ئەمما رىكاز (ئىسلامدىن بۇرۇن يەرگە كۆمۈلگەن بايلىق) تىن 20% يەنى بەشتە بىر زاكات بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ مەزھەپ، رىكاز بىلەن مەدەن ئىككىسىنىڭ بىر مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىدىن زاكات بېرىش مىقدارى ئوخشاش بولمايدۇ.

**خۇلاسە:**

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان ياكى قېزىلغان بايلىقلاردىن بەشتە بىرى زاكات بېرىلىدۇ، دەيدىغان كۆزقارىشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئويغۇندۇر. چۈنكى، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، كىشى تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خەلق پۇلىنىڭ زاكىتى بىلەن ھېچ ئەجىر قىلماستىن كۆمۈلگەن يېرىدىن تېپىۋالغان ياكى چەكلىك ئەجىر بىلەن يەر ئاستىدىن قېزىپ ئالغان ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى ئوخشاش قىلىپ بەلگىلەپ ھەر ئىككىسىدىن 2.5% زاكات بېرىشنى پەرز قىلىدۇ.

ئەمما ئەبۇ ھەنىفە ئىشلەپ تاپقان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە نەق پۇل بىلەن، چەكلىك ئەجىر سىڭدۈرۈپ يەر ئاستىدىن قېزىپ ئالغان ياكى ئىسلامدىن بۇرۇنقىلار كۆمگەن جايدىن تېپىۋالغان ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلارنىڭ زاكات مىقدارىنى پەرقلەندۈرگەن بولۇپ، ئاۋۋالقىسىدىن 2.5%، كېيىنكىسىدىن 20% زاكات بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى قارار قىلغان.

**دېڭىز بايلىقلىرىنىڭ زاكىتى**

«پۈتۈن فەقىھلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن دېڭىزدىن چىقىرىلغان بايلىقلارغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام زاكات قانۇنىدا دېڭىز، دەرياлاردىن چىقىرىلغان بايلىقلاردىن زاكات بېرىش توغرىسىدا بېرەر دەلىل يوقتۇر. ئەمما دېڭىز بايلىقلىرىنى چىقىرىپ سېتىشنى كەسىپ قىلغانلار ئۈچۈن دېڭىزدىن چىقارغان نەرسىلىرىدىن زاكات بېرىش پەرزدۇر. چۈنكى دېڭىز بايلىقلىرى بۇ ۋاقىتتا تىجارەت ماللىرىغا ئايلانغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن 2،5% زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ»[1].

شۇنىڭدەك، دېڭىزدىن چىقىرىلىپ نەق پۇل ئورنىدا ساقلانغان قىممەتلىك بايلىقلاردىنمۇ يۇقىرىقى مىقدار بويىچە زاكات بېرىش پەرزدۇر. چۈنكى نورمال ئېھتىياجدىن ئېشىپ ئۆيدە ساقلانغان ھەر قانداق پۇل _ مالغا زاكات كېلىدىغانلىقىدا شەك يوق.

**ھەسەلنىڭ زاكىتى**

فەقىھلار ھەسەلگە زاكات كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشقان.

ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەسەل ھەرىسى باققۇچىنىڭ ھەسەلدىن ئالغان مەھسۇلاتى مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن 10% زاكات بېرىشى پەرزدۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر ئون

(1) المفتاح شرح نورالإيضاح 158_ بەت.

قاچا ھەسەلدىن بىر قاچا ھەسەل زاكات بېرىلىدۇ»[1] دېگەن.

ئابدۇللا ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھەسەلدىن ئوندىن بىرىنى زاكات بېرىشكە بۇيرىغان»[2] دەپ رىۋايەت قىلغان.

ئەمما شافىئىي ۋە مالىكى مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەسەلدىن زاكات بېرىش پەرز ئەمەس. نافى مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەندىن ھەسەلنىڭ زاكىتى ھەققىدە سورىۋىدى. مەن ئۇنىڭغا «بىزدە زاكات بېرىدىغان ھەسەلمۇ يوق. بىراق مۇغىرە ئىبنى ھەكەمنىڭ ھەسەلگە زاكات كەلمەيدۇ دېگەنلىكىنى بىلىمەن» دېدىم. ئاندىن ئۆمەر ھەسەلنىڭ زاكىتىنى يىغماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى[3].

بۇ مەسىلىدە ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ ھەسەلدىن زاكات بېرىلىدۇ، دېگەن كۆرشى كۈچكە ئىگىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ زاكات توغرىلىق ئومۇمىي ئايىتى ھەسەلنىڭمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن زاكات بېرىشتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَمَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ ﴾ يەنى﴿سىلەر سەرپ قىلغان نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾[4] دېگەن.

**بۇلاپ كېتىلگەن، ئوغۇرلانغان ۋە يېتىپ كېتىپ تېپىلغان ماللارنىڭ زاكىتى**

بىراۋنىڭ بولاپ كېتىلگەن ياكى ئوغۇرلاپ كېتىلگەن ياكى يۈتتۈرۈلگەن پۇل _ مېلىدىن ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلىك زاكات بېرىشى پەرز ئەمەس، دېگۈچىلەر كۆپ ساندىكى فەقىھلار بولۇپ، بۇ ھەنەفىي، شافىئىي مەزھەپلىرىدۇر. چۈنكى بۇنداق پۇل _ مال ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. پەقەت ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تولۇق بىر يىلنى تولدۇرۇپ ئاندىن شۇ بىر يىلنىڭ زاكىتىنى بېرىشى پەرز بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ پېشىۋاسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە، ئۇمۇ بۇ ئىككى مەزھەپنى قوللىغان بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭدىن كەلگەن باشقا بىر رىۋايەتكە ئاساسەن، بولاپ كېتىلگەن ياكى ئوغۇرلانغان ياكى يۈتتۈرۈلگەن پۇل _ مالغا زاكات كېلىدۇ، ئۇنى ئادا قىلىشتا، مەزكۇر پۇل _ مال تاپشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، قولىدىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلاپ ئۆتكەنكى يىللارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ زاكىتىنى بىراقلا بېرىشى پەرزدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ مەزكۇر پۇل _ مېلى ۋاقىتلىق ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ مالغا بولغان ئىگىدارچىلىقى يوقالغان ئەمەس.

ئەمما مالىكىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، مۇنداق پۇل _ مال تاپشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، يىل توشمىسىمۇ ئۇنىڭ بىر يىللىق زاكىتىنى بېرىشى لازىم كېلىدۇ.

بۇ مەسىلىدە، كۆپچىلىك فەقىھلارنىڭ «بولاپ كېتىلگەن ياكى ئوغۇرلانغان ياكى

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(3) ئىمام تىرمىزىي رىۋايىتى.
(4) سەبەئ سۈرىسى 39_ ئايەت.

يۆتتۈرۈلگەن پۇل _ مالغا زاكات كەلمەيدۇ. پەقەت ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، تولۇق بىر يىلنى تولدۇرۇپ ئاندىن ئۇنىڭ شۇ بىر يىللىق زاكىتى بېرىلىدۇ» دېگەن كۆرشى كۈچكە ئىگىدۇر. چۈنكى مۇنداق پۇل _ مال ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىنمۇ چىقىپ كەتكەن، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتا قايتىدىن ئۇنىڭ مۈلكىگە كىرگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق پۇل _ مالنى تاپشۇرۇپ ئالغانغا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ.

ئەللامە مەرغىنانىينىڭ«ھىدايە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «بىراۋنىڭ يەنە بىرىدە قەرزى بولۇپ، قەرزدار ئۇنىڭغا يىللاردىن بېرى تېنىۋالغان، كېيىنچە ئۇنىڭ قەرزدارلىقى ئىسپاتلانغان (يەنى قەرزنى تاپشۇرغان) بولسا، قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئۆتكەن يىللارنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. بۇ قەرز تاپشۇرۇپ ئېلىنىشتىن بۇرۇن، خۇددى يوقىلىپ كېتىپ ئۇنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىت ئۈزۈلگەن مالغا ئوخشاشتۇر. بولاپ كېتىلگەن، ئوغۇرلانغان، دېڭىزغا چۈكۈپ كەتكەن، مەلۇم بىر جايغا كۆمۈپ قويۇپ ئورنىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان پۇل _ مالمۇ يوقىلىپ كەتكەن مالغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى زاكات كېلىدىغان پۇل _ مالنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا بولغان، ئۆسىدىغان ۋە ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان ماللاردىن بولۇشى شەرتتۇر. ھالبۇكى، ئىگىسىنىڭ قولىدىن تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ۋاقىتلىق چىقىپ كەتكەن پۇل _ مال ئىگىسىنىڭ قولىدا بولمىغانلىقتىن ئۇ ئۆستۈرۈشكە يارىمايدۇ»[1].

ئەمما بىراۋنىڭ باشقا بىرىدە قەرزى بولغانلىقىغا يېتەرلىك ئىسپاتى بولغان بولسىمۇ، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، قەرزى قولىغا كەلگەن بولسا، _ بارلىق فەقىھلارنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە _ ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۆتكەنكى يىللارنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاپ بىراقلا زاكات بېرىشى پەرزدۇر.

**شىركەت ھەسسىدارلىقىنىڭ زاكىتى**

ھەر قانداق بىر شىركەتكە ھەسسىدار بولۇپ ئۇنىڭغا پاي سالغان كىشىنىڭ شۇ پايىدىن زاكات بېرىشى پەرزدۇر. زاكات بېرىشتە پاي سالغان ۋاقىتتىكى نەق پۇل ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى يىل ئاخىرىدىكى نەق پۇلنىڭ ھېسابى بويىچە زاكات بېرىلىدۇ. شىركەت پايىدىن 2.5% زاكات بېرىش پەرزدۇر. مەسىلەن: بىراۋ بېرەر شىركەتكە 1000 يۈەن نەق پۇل پاي سېلىپ، ئۇنىڭغا ھەسسىدار بولغان بولسا، بىر يىلدىن كېيىن بۇ پاي 3000 يۈەنگە يەتكەن بولسا، مۇشۇ 3000 يۈەندىن زاكات بېرىدۇ. ئەگەر پاي سالغان 1000 يۈەن پۇل يىل ئاخىرىدا كېمىيىپ 500 يۈەنگە چۈشۈپ قالغان بولسا، ئاشۇ 500 يۈەندىن زاكات بېرىدۇ. چۈنكى زاكات يىلنىڭ ئاخىرىدا قولدا قالغان مىقداردىن بېرىلىدۇ.

شىركەت ھەسسىدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ شىركەتتىكى ھەسسىلىرىنىڭ زاكىتىنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان شەخسلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىدا شىركەت مەسئۇللىرىنى ئۆزلىرىدىن ۋەكىل قىلىشىمۇ جائىزدۇر. بۇ ۋاقىتتا شىركەت مەسئۇللىرى شىركەت ھەسسىدارلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى ئۇنىڭ پايدىلىرى بىلەن قوشۇپ بىرلەشتۈرۈپ ئومۇمىي مىقداردىن زاكات

---

(1) الهدايه 1_ توم 104_ بەت.

ئايرىيدۇ.

**زاكات بېرىلىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە بەزى سوئاللار**

زاكاتتا بېرىلىدىغان ماللارنىڭ قىممىتىنى بېرىشكە بولامدۇ؟

كۆپ ساندىكى فەقىھلارنىڭ قارىشىچە، زاكات بېرىشتە ھەر قانداق بىر مالنىڭ زاكىتىنى شۇ مالنىڭ ئۆز جىنسىدىن بېرىش لازىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ بەدىلىگە خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى زاكات ئىبادەتتۇر. ئىبادەتلەر شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىنىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكىنىدە، ئۇنىڭغا: «ئاشلىقتىن ئاشلىق، قويدىن قوي، كالىدىن كالا ۋە تۆگىدىن تۆگە زاكات يىغقىن»[1] دەپ تەۋسىيە قىلغان.

ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىقىدىكى فەقىھلارنىڭ قارىشى بويىچە، ھەر قانداق مالنىڭ زاكىتى ئۇچۇن ئۇنىڭ قىممىتىنى بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى زاكات بېرىشتىن مەقسەت پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىشتىن ئىبارەتتۇر. پېقىرلارنىڭ ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى ئاشلىق، ئۈزۈم، خورما، كىيىم _ كېچەك قاتارلىق ماللار بىلەن راۋا قىلغىلى بولغاندەك، بېرىدىغانلارنىڭ بەدىلىگە نەق پۇل بېرىپمۇ راۋا قىلغىلى بولىدۇ. بەلكى ئېككىنچىسى ھاجەتمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى ھاجەتمەنلەر نەق پۇلغا ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى خالىغانچە سېتىۋالالايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، مەيلى ئاشلىق، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئۆشرە زاكىتى بولسۇن، مەيلى ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ زاكىتى بولسۇن، مەيلى چارۋا ماللىرىنىڭ زاكىتى بولسۇن، مەيلى ئۇلاردىن باشقا ماللارنىڭ زاكىتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بېرىش جائىزدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» دىكى: خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، چۈنكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ دېگەن بۇيرۇقى زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ھەر قانداق مالنىڭ زاكىتىدا ئۇنىڭ قىممىتىنى بېرىشنىڭ جائىزلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كېلىشىچە، مۇئاز ئىبنى جەبەل يەمەن ئەھلىگە خىتاب قىلىپ: «ئارپا، قوناقنىڭ زاكىتى ئۇچۇن كىيىم _ كېچەكلەردىن بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ سىلەر ئۇچۇن ئۇڭاي، رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى پېقىر ساھابىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن ياخشىدۇر»[2] دېگەن.

«ئەمما ئىمام شافىئىي نەقىل كەلتۈرگەن ھەدىستىكى «... قويدىن قوي، كالىدىن كالا ئالغىن» دېگەن سۆز كىشىلەرگە ئوڭايلىق بولسۇن ئۇچۇن دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەر مال ئۇچۇن ئۆز

---

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

جىنسىدىن زاكات بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى زاكاتتىن مەقسەت پېقىرلارغا نەپ يەتكۈزۈشتۇر. بۇنى نەق پۇل بىلەنمۇ بېجىرگىلى بولىدۇ»[1].

بۇنىڭغا بىنائەن، پىتىر سەدىقىسىدىمۇ بېرىلىدىغان ئارپا، بۇغداي ياكى باشقا دانلار ئۇچۇن ئۇنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى زاكاتتا جائىز بولغانلار پىتىر سەدىقىسىدىمۇ جائىزدۇر.

**باج – سېلىقلار زاكاتنىڭ ئورنىدا تۇرامدۇ؟**

«ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن دېھقانلارنىڭ تېرىملىرىغا، تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىغا، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىغا ۋە باشقا كەسپدارلارنىڭ كەسپلىرىگە بەلگىلەنگەن باج _ سېلىقلار ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان زاكات ئۈچۈن بەدەل بولۇپ، يۇقىرىقىلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىسىمۇ بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، زاكات بىلەن باجنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى قىسقىچە بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1 _ ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن تېرىم يەرلىرىگە بەلگىلەنگەن باج _ سېلىقلارنىڭ ۋەزىپىسى زاكاتنىڭ ۋەزىپىسىدىن پەرقلىقتۇر. مەسىلەن: باج _ سېلىقلار تېرىم يەرلىرى تېرىلغان ياكى تېرىلمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تېرىم ئىگىلىرىدىن ئېلىنىدۇ. ئەمما زاكات پەقەت تېرىلغان يەرنىڭ مەھسۇلاتىدىن بېرىلىدۇ.

2 _ باج _ سېلىقلاردىن يىغىلغان مەبلەغ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما زاكاتتىن يىغىلغان مەبلەغ ۋە ماللار ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلىگەن سەككىز تەرەپكىلا بېرىلىدۇ.

3 _ زاكات _ زاكات بېرىشكە شەرتى توشقان مۇسۇلمان كىشىدىن ئېلىنىدۇ. ئەمما باج _ سېلىقلار مۇسۇلمان بولسۇن ۋە غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن، ھەر قانداق تېرىم، تىجارەت ۋە كەسپ ئىگىلىرىدىن ئېلىنىدۇ.

4 _ باج _ سېلىقلار دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىسلام دۆلىتىدە بولسا باج _ سېلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇش ياكى بولماسلىق ئېتىبارى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر باج _ سېلىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن بىرەر پايدىسى بولمىسا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە باج _ سېلىقلارنى بەلگىلەش ھوقۇقى يوقتۇر. شۇنىڭدەك، دۆلەتنىڭ زاكات ماللىرىنى ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن قوللىنىشى ياكى باج بىلەن كۆپايە قىلىپ زاكاتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ئىنتايىن خاتادۇر. زاكات ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەلگىلەنگەن ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. ئىسلام دۆلەتلىرى زاكات پەرزىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، دۆلەتنىڭ زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتقۇچىلارغا بېسىم ئىشلىتىشىمۇ ھەقلىقتۇر. بۇ ماۋزۇدا، بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار زاكاتنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا ئۆتەپ كەلگەن بىرەر تال ئارغامچىنىمۇ بېرىشتىن باش تارتىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن» دېگەن

(1) الإختيار 1_ توم 102_ بەت.

مەشھۇر سۆزى يېتەرلىك.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن كەسكىن ئېيتالايمىزكى، باج _ سېلىقلار زاكاتنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك، زاكات مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا بەلگىلەنگەن باج _ سېلىقلارنى ئۆتەشتىن توسالمايدۇ»[1].

بۇنىڭغا بىنائەن، دېھقانلارنىڭ تېرىملىرىغا، تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىغا، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلىرىغا ۋە باشقا كەسىپدارلارنىڭ كىرىملىرىگە بەلگىلەنگەن باج _ سېلىقلار ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان زاكات ئۈچۈن بەدەل بولالمايدۇ. نەتىجىدە، باج _ سېلىقلارنى باھانە قىلىپ يۇقىرىقىلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىشقا بولمايدۇ.

زاكاتنى بىر دۆلەتتىن ئىككىنچى بىر دۆلەتكە يۆتكەشكە بولامدۇ؟

ئەسلىدە ھەر دۆلەتتە توپلانغان زاكات ماللىرى شۇ دۆلەتنىڭ يۇقىرىدىن بولغان ئېھتىياجلىقلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەمما باشقا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئۆز دۆلىتىدىكىلەردىن كۆپرەك ئېھتىياجلىق بولسا، زاكاتنى شۇ دۆلەتلەردىكى ئېھتىياجلىق مۇسۇلمانلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكات توغرۇلۇق ئېيتقان: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكات پەرزىنى بەلگىلىدى» دېگەن ھەدىسىدىكى «پېقىرلار» مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پېقىرلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى مەملىكەتلىرىگە تارقالغان بولسىمۇ ئۇلار ئۆزئارا دىنىي قېرىنداشلاردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ يەنى﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾[2] دېگەن.

شۇنىڭدەك، نېفىت بايلىقىغا ئىگە باي دۆلەتلەرنىڭمۇ پۇل _ ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئۆز ئىقلىمىنىڭ پېقىرلىرىدىن بەكرەك ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە بېرىشى ئەۋزەلدۇر. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئىسلام ئەللىرىنى ئاۋارە قىلىۋاتقان پېقىرلىققا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بىر يىلى مىسىرنىڭ ۋالىسى ئەمر ئىبنى ئاسقا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يازىدۇ: «... مېنى ۋە مېنىڭ يېنىمدىكىلەرنى ئاچلىقتىن ھالاك بولدى دەپ ئويلاپ، ئۆزۈڭ ۋە يېنىڭدىكىلەر ياشامسەن؟ بىزنى ئاچلىقتىن قۇتقۇزامسىلەر؟!». ئەمر ئىبنى ئاس خەلىپىنىڭ مەكتۇبىغا جاۋاپ بېرىپ: «... سىلەرگە ياردەم كەلدى. مەن سىلەرگە شۇنداق يۈكلۈك تۆگىلەرنى ئەۋەتىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئالدى سىلەردە، ئاخىرى مېنىڭدە بولىدۇ» دەپ مەكتۇپ يازىدۇ. ئەگەر مىسىرنىڭ زاكىتى مىسىر پېقىرلىرىنىڭ مەخسۇس ھەققى بولىدىغان بولسا ئىدى، خەلىپە ئۆمەر مىسىرنىڭ ۋالىسىدىن زاكات سورىمىغان بولاتتى. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب يەنە: «سەنئا (ھازىرقى يەمەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى) تېغىدىكى بىر پادىچىنىڭمۇ شام ۋە ئىراقتىن توپلانغان زاكاتتىن بولغان ھەققى ئۇنىڭغا يېتىپ بارىدۇ » دېگەن»[3].

---

(1) «الزكاة وتنمية المجتمع » 162_ بەت.
(2) ھۇجۇرات سۈرىسى 10_ئايەت.
(3) الزكاة وتنمية المجتمع 165_ بەت.

ئەگەر كىشىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى پېقىرلارنىڭ ياردەمگە بولغان ئېھتىياجى باشقا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان پېقىرلىرىغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولسا، زاكاتنى باشقا دۆلەتلەرگە يۆتكىمەستىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ، مەھەللىسىنىڭ پېقىرلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشى ياخشىدۇر. چۈنكى يېقىندىكىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىش ئۇزاقتىكىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشتىن ئەۋزەل ۋە زۆرۈردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاۋۋال ئۆزۈڭگە، ئاندىن ئەھلىڭگە چىقىم قىل. ئۇنىڭدىن ئاشقاندا، تۇغقانلىرىڭغا قىل، ئۇلاردىن ئاشسا، ئاندىن ئۇنىڭغا بۇنىڭغا ياردەم قىل»[1].

ئەللامە ئىبنى مەۋدۇد مەۋسىلىنىڭ«الإختيار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئەسلىدە زاكاتنى بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە يۆتكەش ياخشى ئەمەس. ئەمما تاشقى دۆلەتلەردىكى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا ياكى ياردەمگە كۆپرەك ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بەرسە بولىدۇ. چۈنكى مۇئاز ئىبنى جەبەلمۇ يەمەننىڭ زاكىتىنى مەدىنىگە ئەۋەتكەن»[2].

بەلگىلەنگەن زاكات مىقدارىدىن كەم – زىيادە قىلىشقا بولامدۇ؟

يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتكەن ئالتۇن، كۈمۈش، خەلق پۇلى، تىجارەت ماللىرى، ئاشلىق، مېۋە، كۆكتاتلار، چارۋا ماللىرى، يەر ئاستى بايلىقلىرى، دېڭىز بايلىقلىرى ۋە باشقىلا قاتارلىق زاكات كېلىدىغان ھەر خىل ماللار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئوخشاش بولمىغان زاكات بېرىش مىقدارلىرى شەرىئەت نەزىرىدە ئەڭ تۆۋەن مىقدارلار بولۇپ، بۇ مىقدارلاردىن ئاز بېرىلگەن زاكات قەتئىي ئادا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قانچىلىك كۆپ بېرىلسە شۇنچىلىك كۆپ ساۋاب ۋە بەرىكەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ماۋزۇنى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلغان: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِئَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل _ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىسى يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا تاللىدىن دان تۇتقان بىر تال ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە(ئۇنىڭ ئەجرىنى) ھەسسىلەپ بېرىدۇ. ئاللاھ (مەرھەمىتى) كەڭ، ھەممىنى بىلگۈچى زاتتۇر﴾[3].

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «2.5% نىلا زاكات بېرىمەن دېگۈچىلەرنىڭ زاكىتى بېخىللارنىڭ زاكىتىدۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

شۇنىڭدەك، زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن مىقدارغا يەتمىگەن دەرىجىدە ئازراق پۇل _ مالغا ئىگە بولغانلارنىڭمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن زاكات بېرىشى پەزىلەتلىك ئىشلاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە قىلغان ۋەدىسى بويىچە، ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرى يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ پۇل _ ماللىرىغا بەرىكەت بېرىپ كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) الإختيار 1_ توم 122_ بەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 261_ ئايەت.

## زاكات كېلىدىغان نەرسىلەر ھەققىدىكى سوئالللارغا جاۋاب

1. سوئال: قانداق نەرسىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ نورمال ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەردىن زاكات بېرىشنى پەرز قىلمىدى. پەقەت نورمالدىكى ئېھتىياجنىڭ سىرتىدىكى پۇل _ مالنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى. بۇنىڭغا بىنائەن، ئېيىتمىزكى، كىشىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر قولىنىۋاتقان ماشىنىلىرىغا، ئۆزى ۋە بالىلىرى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي _ ئىمارەتلىرىگە، ئايالى، قىزلىرى، ۋە كېلىنلىرى ئىشلىتىۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك ماددىلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىغا، ئۆي جىھازلىرىغا، ھۈنەر ئەسۋابلىرىغا، كىتاب _ ماتېرىياللىرىغا ۋە مۇندىن باشقا ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ئەشيالىرىغا زاكات كەلمەيدۇ. يۇقىرىقىلار قانچىلىك قىممەت باھالىق ئەشيالار بولسۇن، ئىشلىتىۋاتقان ئىكەن ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ.

2. سوئال: تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن بۇ ماللارنىڭ قىممىتىنى بېرىش كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنىمۇ؟

جاۋاب: تىجارەت ماللىرىدىن زاكات بەرگۈچى ماللىرىنىڭ ئۆز جىنسىدىن بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بېرىش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر. مەسىلەن: ئۇن، ماي، گۈرۈچ، شىكەر، تۇز قاتارلىق يېمەكلىك ماددىلىرىنى، كېيىم _ كېچەك، رەخت _ ماتېرىيال قاتارلىق بۇيۇملارنى ساتىدىغان كىشى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۇلارغا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياكى بەزىسىدىن بەرسىمۇ بولىدۇ ياكى بۇلارنىڭ خەلق پۇلىدىكى قىممىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. مۇھىم بولغىنى ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەردىن بېرىشتۇر.

3. سوئال: بانكىنىڭ چەكلىرى ۋە كارتىشكىلىرىگىمۇ نەق پۇلغا ئوخشاش زاكات كېلەمدۇ؟

جاۋاب: بانكىدىن نەق پۇلنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن چەكلەر ۋە كارتىشكىلارغا ئەلۋەتتە زاكات كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار نەق پۇلغا ئوخشاشتۇر. بۇلارنىڭ زاكىتىنى خەلق پۇلىدىن بېرىلىدۇ.

4. سوئال: بانكىنىڭ ئۆسۈمىنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: بانكىنىڭ ئۆسۈمى جازانىدۇر. جازانە نىجىس ۋە ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك نەرسىلەردىن قىلىنغان خەير _ ئېھسانلارنىلا قوبۇل قىلىدۇ»(1) دېگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: «سىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىڭلاردىن بەرمىگىچە ياخشىلىققا (جەننەتكە ) ئېرىشەلمەيسىلەر» دەپ كۆرسەتكەن. جازانىدىن ئىبارەت مۇنداق ھارام مالنى ئۆزى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىشلىتىشكە ھالال بولمىغان يەردە ئۇنى باشقىلارغا يىگۈزۈشكە بولمايدۇ، ئۇنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ – ھارام پۇلدۇر.

سوئال: بەزى كىشىلەر نەق پۇللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن بانكىدا قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆسۈم كېلىدۇ، ئۆسۈمنىڭ ھاراملىقى ئېنىق. ئانداقتا ئۆسۈمنى قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بانكىنىڭ ئۆسۈمىنى قانداق قىلىش توغرىلىق تۆت يول بار: بىرى، ئۆزى خەجلەش. بۇ جائىز ئەمەس، چۈنكى ئۆسۈمنى يېيىش ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئۇ ھارام بولغاندىمۇ ئەڭ نىجىس ھاراملارنىڭ بىرىدۇر. ئىككىنچىسى، بانكىدا ئىئانە ھېسابىدا قالدۇرۇش. بۇمۇ جائىز ئەمەس. چۈنكى جازانىغا ياردەم بېرىش ئېغىر گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، سەدىقە ھېسابىدا پېقىرلارغا بېرىش. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ھارام مال سەدىقىگە يارىمايدۇ ۋە قوبۇل بولمايدۇ. تۆتىنچىسى، قولىدىكى بۇ ھارام پۇلدىن قۇتۇلۇش نىيىتى بىلەن ئۇنى بېرەر پېقىرغا بەدەلسىز ھالدا بېرىۋېتىش. يۇقىرىقى تۆت يولنىڭ ئاخىرقىسى بىلەن بۇ ھارامدىن قۇتۇلۇشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام نەزىرىدە ھارام ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، ھارام ئەينى، يەنە بىرى، ھارام ھۆكمىيدۇر. ھارام ئەينىي _ ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ھارام بولغان ھاراق، چوشقا گۆشىغا ئوخشىغان ھاراملاردۇر. ئەمما ھارام ھۆكمىي _ ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇئامىلە ئېتىبارى بىلەن ھارام بولغان ئۆسۈم، ئوغۇرلانغان مالغا ئوخشىغان ھاراملاردۇر. ئۆسۈم ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ھارام بولماستىن، بەلكى مۇئامىلە يەنى جازانە قىلىش بىلەن ھارام بولغان پۇلدۇر. چۈنكى پۇل دېگەن ئۆز زاتى ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا بىر قەغەز، قەغەز دېگەننىڭ ھالىلى ۋە ھارىمى بولمايدۇ. 10 يۈەن پۇلنى سىز ئىشلەپ تاپقان بولسىڭىز ئۇ سىز ئۈچۈن ھالال، ئەگەر بىراۋ ئۇنى سىزدىن ئوغۇرلىغان بولسا بۇ 10 يۈەن پۇل ئوغرى ئۈچۈن ھارامدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆسۈمنى بېرەر پېقىرغا بەدەلسىز بەرگەندە، ئۇ ئالغۇچىسى ئۈچۈن ھالالغا ئايلىنىدۇ. ئۇنى بەرگەن كىشىگە ساۋاب ياكى گۇناھ بولمايدۇ، پەقەت قولىدىكى ئۆسۈمدىن ئىبارەت ئۇ ھارام پۇلدىن قۇتۇلغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان مۇجتەھىد ئالىملىرىدىن دوكتۇر يۈسۈف ئەل قەرداۋى بۇ مەسىلە توغرىلىق توختىلىپ: «بانكىنىڭ ئۆسۈمىنى ئۆزى ئىشلەتمەستىن، باشقا ھاجەتمەنلەردىن بېرەرسى خەجلىسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال بولىدۇ. چۈنكى جازانە مۇئامىلىسىنى قىلغان ئادەم ئۇ ئەمەس. قىسقىسى، ئۆسۈمدىن ئىگىسىنىڭ پايدىلىنىشى ھارام، ئەمما بەدەلسىز ھالدا باشقىسىغا بېرىۋەتسە، ئۇنى ئالغان كىشى ئۈچۈن ئۇ ھالالدۇر»(1)دەيدۇ.

7. سوئال: ئايلىق مائاشقا زاكات كېلەمدۇ؟

جاۋاب: ھەرقانداق پۇل _ مالغا ئىگە بولغانغا بىر يىل توشماستىن ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. مائاشنى ھەر ئايدا ئۇدۇللۇق خەجلەپ تۈگىتىپ تۇرغان ئادەمگە زاكات كەلمەيدۇ. ئەگەر بىراۋ ئايلىق مائاش پۇلىدىن ھەر ئايدا مەلۇم مىقداردا ئىقتىساد قىلىپ، بىر يىل ئايلانسا ۋە يىل ئاخىرىدا قولىدىكى پۇل زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىشى كېرەك.

ئەمما ئىقتىساد قىلغان پۇلنى ئىقتىساد قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن بىر يىل توشماي تۇرۇپ

---

(1) ئەللامە يۈسۈف ئەل قەرداۋى پەتىۋالىرى.

خەجلىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ، چۈنكى زاكات قولىدا قالغانغا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋنىڭ قولىدا 2017 _ يىلى رامىزان ئېيىدا 2000 يۈەن بولغان بولسا، 2018 _ يىلى رامىزان ئېيىدا ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ، زاكات بېرىشتە ئۆتكەن يىلقى 2000 يۈەنگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى بۇ يىل رامىزاندا قولىدا قالغان پۇلغا بېرىدۇ. ئاز قالغان بولسا ئازغا، كۆپەيگەن بولسا كۆپكە ئاساسەن زاكات بېرىدۇ.

8. سوئال: ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن ياكى ئۆيلىنىش ئۈچۈن يىغقان پۇلغا زاكات كېلەمدۇ؟

جاۋاب: مەيلى ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن يىغقان بولسۇن ياكى ئۆيلىنىش ئۈچۈن يىغقان بولسۇن، زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك مىقداردا پۇلغا ئىگە بولغانغا بىر يىل توشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىش پەرزدۇر.

9. سوئال: كادىر ياكى ئىشچى مائاشىنى ئۇزۇن ۋاقىت تاپشۇرۇپ ئالالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زاكات كېلەمدۇ؟

جاۋاب: تاپشۇرۇپ ئالالمىغان مائاش پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتا، ئالغان پۇلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە ۋە ئۇستىدە قەرز بولمىسا، ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ زاكىتىنى بىراقلا بېرىدۇ.

10. سوئال: ئۆي سېلىش ئۈچۈن تۇتۇلغان يەر _ زېمىنگە زاكات كېلەمدۇ؟

جاۋاب: مەيلى ئۆي سېلىش ئۈچۈن تۇتۇلغان بولسۇن ياكى باھاسى ئۆرلىگەندە سېتىش ئۈچۈن تۇتۇلغان يەر _ زېمىن بولسۇن، سېتىش نىيىتىگە كەلمىگۈچە ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ.

11. بىراۋ ماشىنىسىنى پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەشكە كېلىشىپ ساتقان بولسا، ئۇ كىشى تاپشۇرۇپ ئالمىغان پۇلنىڭ زاكىتىنى بېرەمدۇ ياكى قولىغا كەلگەن پۇلنىڭلا زاكىتىنى بېرەمدۇ؟

جاۋاب: قولىغا كەلگەن پۇلنىڭلا زاكىتىنى بېرىدۇ. تېخى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولالمىغان پۇل ئەگەر بېرەلەيدىغان، قول ئىلكىدە بار كىشىنىڭ ئۇستىدە بولسا، ماشىنىسىنى ساتقان كىشى نېسى پۇلنىمۇ قولىغا كىرىپ بولغان پۇل قاتارىدا ساناپ، قولىدىكى پۇل بىلەن قوشۇپ ھەممىسىنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر ماشىنىنى سېتىۋالغان كىشى قول ئىلكىدە يوق، يوقسۇل كىشى بولسا، ئۇنىڭدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولالمىغان پۇلغا زاكات بەرمەيدۇ، پەقەت ئىلكىدە بار پۇلغىلا زاكات بېرىدۇ.

12. ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆي _ ئىمارەت ۋە دۇكاننىڭ زاكىتى قانداق بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆي _ ئىمارەت ۋە دۇكاننىڭ زاكىتى كەلگەن ئىجارىسىدىن بېرىلىدۇ، زاكات ئىجارىنى ئالغانغا تولۇق بىر يىل توشقاندىن كېيىن بېرىلىدۇ. زاكات بېرىشتە زاكات بېرىدىغان ۋاقىتتا قولىدا قالغان پۇل ھېساب قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆتكەن يىلى تۇنجى ئىجارە كىرگەن ئايدا، قولىدا 1000 يۈەن بولغان بولۇپ، بۇ يىل زاكات بېرىدىغان ۋاقىتتا قولىدا 2000 يۈەن بولسا، زاكات قولىدىكى 2000 يۈەنگە كېلىدۇ. ناۋادا ئۆتكەن يىلقى 1000 يۈەن بۇ يىل زاكات بېرىدىغان ۋاقىتتا خەجلىنىپ تۈگىگەن بولسا زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما ئۆي _ ئىمارەتنىڭ ياكى دۇكاننىڭ ئۆزىگە زاكات كەلمەيدۇ، زاكات پەقەت ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىجارىگە كېلىدۇ.

13. سوئال: ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆي _ ئىمارەت ۋە دۇكانلارنىڭ زاكىتى قاچان باشلىنىدۇ؟

جاۋاب: ئىجارىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتا يىل ئايلىنىش باشلىنىدۇ، تولۇق بىر يىل ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن زاكات بېرىشنىڭ ۋاقتى كىرىدۇ. زاكات بېرىشنىڭ ۋاقتى كەلگەندە قولىدا پۇل قالمىغان بولسا زاكات كەلمەيدۇ.

14. سوئال: تاكسى، يۈك ماشىنىسى ۋە ئىجارىگە بېرىلگەن ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنىڭ زاكىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: تاكسى، يۈك ماشىنىسى ۋە ئىجارىگە بېرىلگەن ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە زاكات كەلمەيدۇ، پەقەت ئۇلاردىن كەلگەن پۇلغا كېلىدۇ. تۆنجى پۇل كىرگەن ۋاقىتتىن ساق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قولىدا قالغان پۇلغا زاكات كېلىدۇ.

15. سوئال: پايچېكنىڭ زاكىتى قانداق بېرىلىدۇ؟

جاۋاب: پايچېكنىڭ زاكىتى پاي سالغان ئەسلى پۇلدىن ۋە ئۇنىڭ پايدىسىدىن بېرىلىدۇ. پايچېكنىڭ زاكىتى تىجارەت مېلىنىڭ زاكىتىغا ئوخشاش 100% 2.5 بېرىلىدۇ.

16. سوئال: پايچېكى سېتىۋېلىش ياكى سېتىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: پايچېكى شىركەتلىرى بىر خىل بولمايدۇ، بەزىسى يەر _ زېمىن ئېلىش ۋە سېتىش بىلەن تىجارەت قىلىدۇ، بەزىسى ئېكسپورت _ ئىمپورت قىلىش بىلەن تىجارەت قىلىدۇ. بۇنداق شىركەتلەردىن پايچېكى ئېلىش ۋە سېتىش جائىزدۇر. ئەمما بانكىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەر پۇلنى پۇلغا سېتىش ئارقىلىق ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن پايچېكى ئېلىش ياكى سېتىش جائىز ئەمەس. چۈنكى پۇلنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشتا تەكشۈتەك ۋە نەقمۇنەق بولۇشى شەرتتۇر. بۇنداق بولمىغاندا، جازانە قىلغانلىق بولىدۇ، شۇڭا بۇ جائىز ئەمەس.

## تۆتىنچى بۆلۈم

# زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر

**زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر**

زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 _ پېقىرلار

2 _ مىسكىنلەر

3 _ كۆڭلىنى دىنغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار

4 _ قەرزدارلار

5 _ زاكات خادىملىرى

6 _ قۇللارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن

7 _ ئاللاھنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدلار

8 _ يولدا قالغان پۇلسىز مۇساپىرلار

زاكات ئالىدىغانلارنىڭ تەپسىلاتى

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾يەنى﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، (قايتۇرالمايدىغان) قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

زىياد ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلىقىمغا بەيئەت قىلدىم، بۇ ۋاقىتتا بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زاكات مېلىدىن بېرىشنى سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئاللاھ زاكات مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ۋە باشقىسىنى بەلگىلىمە چىقىرىشقا بۇيرۇمىدى، بەلكى بۇ مەسىلىنى ئۆزى بەلگىلەپ، زاكاتنى 8 خىل شەخسكە تەقسىم قىلدى. ئەگەر سەنمۇ بۇ شەخسلەرنىڭ ئىچىدىن بولغان بولساڭ ئەلۋەتتە ساڭىمۇ نېسىۋەڭنى بەرگەن بولاتتىم»[2] دېدى.

ئايەتتە بايان قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك كىشىلەر تۆۋەندىكىچە:

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 60_ ئايەت.
(2) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

**يېقىرلار**

يېقىر _ پۇل _ مالدا زاكات بېرىش سەۋىيىسىگە يەتمىگەن ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. يېقىرلار بايلارنىڭ ئەكسى بولۇپ «قۇرئان كەرىم»دە باي ۋە يوقسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەبىقە ھەمىشە بىرگە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿وَمَنْ كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ وَمَنْ كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ﴾ يەنى ﴿كىمكى باي ئىكەن(يېتىمنى باققانلىقى باھانىسى بىلەن)ئۇنىڭ مال _ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾[1]. يۇقىرىقى ئايەتتىكى «يېقىرلار» دېگەن سۆز بارلىق يوقسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مىسكىنلەر**

مىسكىن _ ھېچقانداق مال _ مۈلكى بولمىغان، ھەتتا يېتىپ قوپىدىغان ئۆيي _ جايىمۇ بولمىغان ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. مىسكىننىڭ ئەھۋالى يېقىرنىڭكىدىن ناچار بولىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق ھاجەتمەن كىشىلەر ﴿توپىدا ياتقان مىسكىن﴾[2]دەپ تەرىپلەنگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسكىننى مۇنداق دەپ تەرىپلىگەن: «مىسكىن _ بىر ئىككى لوقما نان، بىر ئىككى تال خورما تىلەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئايلىنىدىغانلار ئەمەس، بەلكى ھاجىتىنى راۋا قىلغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان، كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىمىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھاجەتمەنلىكىنى كىشىلەر ھېس قىلمىغان كىشىدۇر»[3]. مىسكىنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە موھتاجلىقى تۈپەيلىدىن ئىش _ ھەرىكەتتىن قالغان، جېنىنى باقالمايدىغان كىشىلەردۇر.

**زاكات خادىملىرى**

زاكات خادىملىرى _ زاكات ئىشلىرىغا ۋەزىپىلەنگەن ئادەملەر بولۇپ، زاكات يىغقۇچىلار، يۈتۈكچىلەر، ساقلىغۇچىلار، تارقاتقۇچىلار ۋە بۇ ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۇلار گەرچە يېقىر كىشىلەر بولمىسىمۇ، زاكاتتىن نېسىۋە ئېلىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى زاكات خادىملىرى ئۆزىنى ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئەمگىكىنى سىڭدۈرۈپ، بۇ ئىشقا ۋەزىپىلەنگەن ئىكەن، ئۇلا مائاش ياكى ئىش ھەققى ئالغانىنىڭ ئورنىدا، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا يەتكىدەك مىقداردا زاكاتتىن نېسىۋە ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، زاكات خادىملىرىنىڭ دىيانەتلىك ۋە ئىشەنچىلىك مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى شەرتتۇر. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنى زاكات يىغىشقا ۋەزىپىلەندۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىشقا سالاھىيەتلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ.

**كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار**

---

(1)نىسا سۈرىسى:6-ئايەت.
(2)﴿أَوْمِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ﴾ يەنى﴿ياكى توپىدا ياتقان مىسكىنگە (تاماق بېرىشتۇر)﴾ (بەلەد سۈرىسى: 16_ ئايەت).
(3)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆكۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار _ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دىللىرىنى يۇمشىتىش، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولۇشىنى ياكى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ دىنىغا مۇستەھكەم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بىر ئۈلۈش بېرىلگەن شەخسلەردۇر. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا زاكات مېلىدىن بېرەتتى. ئۇ مېنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشىم بولسىمۇ، ھەمىشە ئۇ ماڭا بېرىپ تۇرغانلىقتىن، ئاخىرى ئۇ ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى بولۇپ قالغان ئىدى» [1]

كۆكۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار تۆۋەندىكى 3 خىل شەخسلەردۇر:

1. مۇسۇلمان بولۇشى، ئاندىن ئۆز قەۋمى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇشىغا ۋەسىلە بولۇشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات ماللىرى بىلەن تەمىنلىگەن كىشىلەر.

2. مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ ئىمانى كۈچلەنمىگەنلەرنىڭ دىللىرىنى دىنىغا مۇستەھكەم قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن زاكات بېرىلگەن كىشىلەر.

3. مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن زاكات بېرىلگەن كىشىلەردۇر [2].

كۆكۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان يۇقىرىقى 3 خىل شەخسكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەلۇم مىقداردا تەمىنات بېرىپ تۇرغان ئىدى. كېيىنچە ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ پىكىرى ۋە بارلىق ساھابىلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئۇلارنىڭ زاكات مېلىدىن ئالىدىغان تەميناتى توختىتىلغان.

ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق ئەسىرىدە ئىمام زۇھرىينىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن:«كۆكۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار ھەققىدىكى ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ ئويلىمايمەن. ئۇلارنىڭ نېسىۋىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى كۆكۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ زاكاتتىن نېسىۋىسىنى بەرمەسلىك ئۇلار ھەققىدە كەلگەن ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ. پەقەتلا ئۇلارغا زاكات بېرىشكە ئېھتىياج قالمىغان شارائىتتا ئۇلارنى زاكاتتىن مەھرۇم قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ. قاچانكى، ئۇلارغا زاكات بېرىشكە ئېھتىياج تۇيۇلسا، شۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا يەنە زاكات بېرىشكە بولىدۇ. زاكات بېرىلىدىغان باشقا تۆردىكى شەخسلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ. مەسىلەن: زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغان 8 خىل شەخستىن بەزىسى تېپىلىپ بەزىسى تېپىلمىغان شارائىتتا، تېپىلمىغانلارنىڭ نېسىۋىلىرى توختىتىلغان بولىدۇ. كېيىن يەنە شۇنداقلار تېپىلسا ھۆكۈم قايتىدىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئورۇندىمۇ ئەھۋال شۇنداق».

مۇھەممەد ئەلى سابۇني «ئىسلامدىكى زاكات پەرزى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ

(1)ئىمام تەبەرى رىۋايىتى.
(2)اللباب شرح الكتاب،1_ توم 103_ بەت.

يازىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ نېسىۋىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ئەينى ۋاقىتتا بىر شەرئىي سىياسەت ئىدى. لېكىن يەنە بىر زامان كېلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان ئىمانى ئاجىز كىشىلەر بارلىققا كەلسە، ئۇلارنى ئىسلامغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇلارغىمۇ زاكات ماللىرىدىن بېرىشكە بولىدۇ. كۆرىۋاتىمىزكى، مۇستەملىكىچىلەر ۋە خرىستىئان تەشۋىقاتچىلىرى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىگە ۋاقىتلىق ماددىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىش يولىدا ھېسابسىز پۇل _ماللارنى سەرپ قىلماقتا. ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ماددىي ياردەم قىلىشتا ئۇلاردىن بىز ھەقلىقمىز. خۇسۇسەن، خۇراپات ۋە دىنىي جەھەتتىكى بىلىمسىزلىك ئەۋج ئالغان مۇشۇ زاماندا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلامدا مەھكەم قىلىشقا بەكمۇ ئېھتىياجلىقتۇر»[1].

يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىنى قوللاپ دەيمىزكى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ زاكات مىلىدىن تەمىنلىنىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەمىناتىنى توختاتقانلىقى، كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنى ئۈلۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقا ياتمايدۇ. چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنى ئاشۇ ئادەملەرگە خاس ھۆكۈمدۇر. دېمەك، كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ ئۈلۈشى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ھازىر كۆرۈۋاتىمىزكى، خرىستىيان مىسيۇنېرلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، يوقسۇل ئىنسانلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش ئارقىلىق دىن تەشۋىقاتى ئېلىپ بارماقتا ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى خرىستىيان قىلماقتا.

كاشكى، بىز مۇسۇلمانلار زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان بولساق، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى يوقسۇل ئىنسانلارغا زاكات بولامدۇ ياكى ياردەم بولامدۇ، ئىشقىلىپ پۇل _خىراجەت قىلىپ، ئۇلارنى يۆلەيدىغان بولساق، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا، ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشىغا تۈرتكە بولار ئىدۇق.

**قۇللارنىڭ ئازادلىقى**

قۇل _ئۆتمۈشتە بايلارنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ئادەم دېمەكتۇر. ئايەتتىكى «قۇللار» دىن مەقسەت خوجايىنلىرىغا مۇئەييەن مىقداردا پۇل تۆلەش بەدىلىگە قۇللۇقتىن ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن توختام تۈزگەن قۇللاردۇر. قۇرئان كەرىم مۇنداق كىشىلەرگە زاكاتتىن نېسىۋە بېرىشنى پەرز قىلغان. ئەمما خوجايىنلىرى بىلەن مۇنداق بىر توختام بولمىغان ۋە شۇ خوجايىنلىرىنىڭ قولىدا ياشاشنى خالايدىغان قۇللار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. چۈنكى مۇنداق كىشىلەر مۇستەقىل تۇرمۇشقا ئىگە بولمىغانلىقتىن ئۇلارغا زاكات بېرىلگەن تەقدىردىمۇ خوجايىنلىرىنىڭ مۈلكىگە كىرىپ كېتىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز. چۈنكى ئىسلام دىنى ھەمىشە قۇللارنى ئازاد قىلىشقا بۇيرۇپ كەلدى. ھەتتا بەزى گۇناھلار ۋە خاتالىقلارنىڭ ئەيۇ قىلىنىشى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىشنى بەلگىلىگەن ئايەت ۋە

(1) «فريضة الزكاة في الإسلام»م. ئەلى سابۇنىي 109_ بەت.

ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. چۈنكى ئۇلارنى قۇللۇقنىڭ خارلىقىدىن ئازاد قىلىپ ھۆرلۈككە چىقارغانلىق ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكتۇر. قۇللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن نېسۋە بېرىشنىڭ بەلگىلىگەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ رەھىم _ شەپقەت دىنى ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

ھازىرقى زاماندا قۇل بولمىغانلىقتىن، زاكاتنىڭ بىر ئۈلۈشىنى كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلىرىنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىش، كۇففارلارنىڭ تۈرمىلىرىگە قامىلىپ قالغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا بولىدۇ.

### قەرزدارلار

قەرزدار _ ئۆستىدە باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق بولغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «قەرزدارلار» دېگەن سۆز ئادەتتىكى ھەر قانداق بىر قەرزدارنى ئەمەس، بەلكى ئۆستىگە يۈكلەنگەن قەرزنى ئۆتەشكە ئۆزىنىڭ ماددىي شارائىتى زادى يار بەرمىگەن، ئۇنى ئۆزۈش ئۈچۈن جىددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئايەتتە «غارىم» (قەرزگە بوغۇلغان) دېگەن سۆز قوللىنىلغان. چۈنكى ئەرەب تىلىدا ئادەتتىكى قەرزدارنى «مەدىيۇن» دەيدۇ. بۇ ئالدىنقىسىدىن پەرقلىقتۇر. قەرزگە بوغۇلغانلارنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىشى ئۈچۈن زاكات مالىرىدىن نېسۋە بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر.

### ئاللاھنىڭ يولى

ئاللاھنىڭ يولى _ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىھادتۇر. مۇجاھىدلارنىڭ جىھادقا يېتەرلىك تەييارلىقلارنى ھازىرلىشى، قۇرال _ ياراق، ئوق _ دورا سېتىۋېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن زاكات مالىرىدىن بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىسلامدىكى ھەممە مەزھەپ بىرلىككە كەلگەن.

زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىگە كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش، دىننى چۈشەندۈرۈش ۋە بىلدۈرۈش يولىدا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ئۈن _ سىن قاتارلىقلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، دىنىي مۇئەللىملەرنى تەمىنلەش قاتارلىق ئىشلارمۇ كىرىدۇ. يەنە بۇ تۈرگە مۇسۇلمانلاردىن ئىشسىز قالغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كېسەللەرنى داۋالىتىش، ئوقۇيالمىغان بالىلارنى ئوقۇتۇش، ياشلارنى تەربىيەلەش ۋە مۇھىم بولغىنى دىنىي تەلىم _ تەربىيەنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئورۇنلارمۇ كىرىدۇ. يەنى يۇقىرىقىلارغا پۇل _ مال سەرپ قىلىدىغان ئورگان ياكى مۇئەسسەسە چىقمىغان شارائىتلاردا، زاكاتقا يىغىلغان پۇل _ مالىلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مەسجىدلەرنى بىنا قىلىش، مەكتەپ، مەدرىسىلەرنى سېلىش ۋە رېمونت قىلىش، يوللارنى ياساش، دوختۇرخانىلارنى ئېچىش قاتارلىق ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ قىلىنىغان ئىشلارغىمۇ زاكاتتىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالار بۇنى جائىز سانىمايدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىنى بايان قىلغان ئايەت «بېرىش» مەنىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئىگىدار قىلىش» مەنىسى بىلەن كەلگەن. شۇڭا، زاكاتنى ئالىدىغانلارنىڭ شەخسلەر بولۇشى شەرتتۇر. ھالبۇكى، مەسجىد، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق جايلاردا ئىگىدارچىلىق قىلىش

سالاھىيتى يوقتۇر. چۈنكى ئۇلار شەخسلەر ئەمەس [1].

**مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ كۆزقارىشى**

مەزھەپ ئۆلىمالىرى زاكات ئالغۇچىلار قاتارىدا كەلگەن «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن كىملەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزدىن پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغان مۇجاھىد كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھاجىلارغا ۋە دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بېرىسە بولىدۇ.

شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزدىن مائاش ئالمايدىغان مۇجاھىدلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلاردىن باشقىسىغا بېرىلمەيدۇ.

مالىكىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزدىن مۇجاھىدلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. زاكات مېلىدىن مۇجاھىدلارغا ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇشقا ئىشلەتسە بولىدۇ.

ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزدىن مائاش ئالمايدىغان مۇجاھىدلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، پۇلغا موھتاج بولغان ھاجىلارغا ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارغىمۇ بەرسە بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، يۇقىرىقى تۆت مەزھەپتە «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزدىن مۇجاھىدلار كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، زاكات مۇجاھىدلارغا ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇشقىلا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما زاكات مېلىنى ئۇلۇكلەرنى كېپەنلەش، مەسجىد _ مەدرىسىلەرنى سېلىش، دوختۇرخانا ئېچىش، يوللارنى ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ۋە خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشلاردا ئىگىدارچىلىق سالاھىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئەمما باشقا مەزھەپلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشلارنىڭ زاكات ئالىدىغان سەككىز تۈرلۈك كىشىنىڭ قاتارىغا كىرمىگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

بۇرۇنقى ئۆلىمالاردىن«ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، زاكات ماللىرىنى جىھادتىن باشقىمۇ دىنىي خىزمەتلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ دەپ قارىغان كىشىلەرمۇ بولغان.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى ئىچىدە «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزنىڭ جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنى قوراللاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگۈچىلەر ۋە ئاللاھ يولىدا قىلىنىغان بارلىق دىنىي خىزمەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بار.

سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ «ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا كومىتېتى» ھىجرىيە 1394 _ يىلى شەئبان ئاينىڭ21 _ كۈنىدىكى ئىلمىي يىغىنىدا «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىن جىھادقا چىقىدىغان مۇھاجىدلار كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. ئاز سانلىق ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق دىنىي پائالىيەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى

---

(1)ئەللامە مۇھەممەد ئەلى سابۇنىنىڭ «فريضة الزكاة في الإسلام »ناملىق ئەسىرى، 113_ بەت.

بىلدۈرۈشكەن.

ئەللامە يۈسۈف ئەل قەرداۋى «فقه الزكاة»ناملىق ئەسرىدە بۇ مەسىلىنى خۇلاسىلاپ مۇنداق دېگەن: «ئىمام فەخرۇددىن رازى «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بۇ سۆزنى مۇجاھىدلارغىلا قىسقارتىپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، بەزى فەقىھلارنىڭ زاكاتنى مەسجىد _ مەدرىسلەرنى سېلىش، دوختۇرخانا ئېچىش، يوللارنى ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ۋە خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. زاكات ماللىرىنى جىھادتىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدىغان دەيدىغان ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، جىھاد قورال كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش بىلەنلا بولمايدۇ، بەلكى قەلەم بىلەن، تىل بىلەن بولىدۇ. جىھاد بەزىدە، پىكرىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ بولىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇل _ مال بىلەن قوللاپ _ قۇۋۋەتلەشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلاردۇر. مۇھىم بولغىنى بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا بولۇشى شەرتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان ھەرقانداق جىھاد ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ. ئىلگىرىكى ئۆلىمالار «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنى قورالاندۇرۇشقىلا قىسقارتىپ قويغان بولسا، بىز ئۇنىڭغا زامانىمىزدىكى يېڭى مۇجاھىدلارنى قوشىمىز. بۇ يېڭى مۇجاھىدلار كىملەر دېگەندە، ئۇلار ئىسلام تەلىماتى ئارقىلىق ئەقىللەرنى ۋە دىللارنى ئازاد قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار قەلىمى بىلەن، تىلى بىلەن ۋە بارچە كۈچ _ قۇۋۋىتى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ مۇنداق دېيىشىمىزدىكى بىرىنچى دەلىلىمىز شۇكى، جىھاد ھەرگىزمۇ قورال بىلەنلا قىلىنىدىغان ئۇرۇشنىلا ئىپادىلىمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئەۋزەل جىھاد قايسى؟ دەپ سورالغاندا، ‹زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا ھەق گەپنى قىلىشتۇر›[1]دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ‹مۇشرىكلارغا قارشى جېنىڭلار بىلەن، مېلىڭلار بىلەن ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار›[2] دېگەن. ئىككىنچى دەلىلىمىز شۇكى، بىز بايان قىلغان جىھاد تۈرلىرى جىھادنىڭ مەنىسىگە كىرمىگەن تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ئۇلارنى قىياس ئارقىلىق جىھادنىڭ تۈرلىرىگە كىرگۈزۈش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى ھەر ئىككىلىسىدە ئىسلامغا خىزمەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ».

بۇ ماۋزۇنى خۇلاسىلاپ ئېيتىمىزكى، بۇ مەسىلىدە فەقىھلارنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئىبارە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارنى ھازىرلاشنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن كۆزقارىشى كۈچكە ئىگىدۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئىبارە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق دىنىي ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ھەر قايسى مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىش ئۈچۈن خىراجەت چىقىرىشنى، شەرىئەت ۋە پەن بىلىملىرىنى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ يولدا قالغان ھاجىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەتىجىدە، يۇقىرىقىلارنى زاكات ماللىرى بىلەن تەمىنلەشكە

---

(1) ئىمام ئەھمەد، بەيھەقى، نەسائى رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىلارمۇ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە كىرىدۇ.

**مۇساپىرلار**

مۇساپىر _ ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان مۇساپىر ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل _ مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل _ مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ياردەمگە مۇھتاج بولغان ئادەم گەرچە ئۆز ۋەتىنىدە باي بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زاكات بېرىشكە بولىدۇ. ئاز ساندىكى بەزى ئالىملار مۇنداق مۇساپىرغا زاكات بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھ _ مەسىيەت ئۈچۈن سەپەر قىلمىغان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھغا ئاسىيلىق بولىدىغان گۇناھ – مەسىيەتلەرگە ياردەم قىلغان كىشى شۇ گۇناھنى قىلغانغا ئوخشاشتۇر. پۈتۈن فەقىھلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، يۇرتىدىن ئايرىلىپ پۇل _ مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان مۇساپىرغا ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا يېتەرلىك مىقداردا زاكات بېرىش پەرزدۇر.

بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە پېقىرلار، مىسكىنلەر، زاكات خادىملىرى، كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار، قەرزدارلار ۋە مۇساپىرلار قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك كىشى «ئىگىدارچىلىق»نى ئىپادىلەيدىغان «لام» ھەرپى بىلەن بايان قىلىنغان. ئەمما «قۇللارنىڭ ئازادلىقى» ۋە «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئىككىسى «سۈپەت»نى ئىپادىلەيدىغان «لام» بىلەن بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئورۇنلار كۆزدە تۇتىلىدۇ.

ئايەتتىكى تەرتىپ زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، زاكاتنى ئۇلارنىڭ قايسىسىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، شۇنىڭغا بېرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىش شەرت ئەمەس.

**ئەسكەرتىش:**

1. زاكات ئالىدىغان شەخسلەرنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى كۇففارلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ. بېرىلگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق زاكات ئادا تاپمايدۇ. ئەمما سەدىقە ۋە ياردەملەرنى كاپىر بولسىمۇ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىشكە بولىدۇ.

2. يۇقىرىقىلاردىن «زاكات خادىملىرى» دىن باشقا زاكات ئالغۇچىلارنىڭ ئېھتىياج ئىگىلىرىدىن بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى بايلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بايلارغا ۋە ئىشلەشكە قادىر بولغانلارغا زاكات ھالال ئەمەس»(1) دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما زاكات خادىملىرىغا _ ئۇلار باي بولسىمۇ _ زاكاتتىن نېسىۋە بېرىشتىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىدى.

زاكاتنى ئايەتتە بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىش شەرتمۇ؟

بارلىق فەقىھلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، زاكاتنى ئايەتتە بايان قىلىنغانلارنىڭ بىرەرسىگە بېرىش بىلەنمۇ زاكات پەرزى ئادا تاپىدۇ. مۇھىم بولغىنى زاكاتنىڭ ئايەتتە بايان قىلىنغانلاردىن

---

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

باشقىسىغا بېرىلمەسلىكىدۇر. شۇڭا، زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكات ئۈچۈن ئايرىغان پۇل _ مېلىنى سەككىزگە بۆلۈپ، ئۇنى زاكات ئالىدىغانلار سەككىز تەرەپنىڭ ھەربىرىگە تەقسىم قىلىشى شەرت ئەمەس. بولۇپمۇ زامانىمىزدا بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: زامانىمىزدا ئازاد قىلىدىغان قۇل يوق. ئىسلام شەرىئىتى قانۇن قىلىنمىغان دۆلەتلەردە زاكات يىغىشقا ۋەزىپىلەنگەن زاكات خادىملىرى يوق. يەنە باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا زاكات بەرگۈچى بېرىدىغان زاكىتىنى مەزكۇر سەككىز تەرەپنىڭ قايسى بىرىگە بەرسە بولىدۇ.

## زاكات بېرىلىدىغان شەخسلەر ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب

1. سوئال: تۇغقانلارغا زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاتا _ ئانىسىغا، بوۋا _ موملىرىغا، بالىلىرىغا، نەۋرىلىرىگە، چەۋرىلىرىگە، ئەر _ خوتۇنلار بىر _ بىرىگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇلارغا بېرىلگەن زاكات مەقبۇل بولمايدۇ. ئەمما زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا _ ئانىسى ياكى بالىلىرى يوقسۇل بولسا، ئۆزى ئۇلارنى تەمىنلەپ تۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، زاكات پۇلىنى ئۇلارغا بەرسە بولىدۇ. مۇندىن باشقا قېرىنداشلىرىغا، تاغا ئاكا، تاغا ئاچىلىرىغا ۋە باشقا تۇغقانلىرىغا _ ئەگەر ئۇلار پېقىر بولسا ــ زاكات بېرىش جائىزدۇر. ئۆزىنىڭ پېقىر تۇغقانلىرىغا زاكات بېرىش ھەم زاكات ھەم تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىپ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا: «پېقىرلارغا بېرىلگەن زاكاتتا زاكاتنىڭ ساۋابى بولىدۇ، پېقىر تۇغقانلارغا بېرىلگەن زاكاتتا ھەم زاكاتنىڭ تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرغاننىڭ ساۋابى بار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

2. سوئال: ئاتا _ ئانىسى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا قالغان كىشىگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئاتا _ ئانىسى باي بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ياكى پايدىلىنالمىغان ۋە پېقىرلىقتا قالغان كىشىگە زاكات مېلىدىن بېرىش جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، ئېرى باي بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇم بولغان ۋە مۇھتاجلىقتا قالغان ئايال كىشىگىمۇ زاكات مېلىدىن بېرىش جائىزدۇر.

3. سوئال: بالىسى باي بولسىمۇ ئۆزى مۇھتاجلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكات بېرىش جائىزمۇ؟

جاۋاب: بالىسى باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە پېقىرلىقتا ياشايدىغان ئادەمگە زاكاتتىن بېرىش جائىزدۇر. چۈنكى مۇنداق كىشى بالىسىنىڭ بايلىقى ئېتىبارى بىلەن باي، ئەمما ئۆزىنىڭ مۇھتاجلىقى ۋە بالىسىنىڭ بايلىقىدىن مەھرۇملىقى ئېتىبارى بىلەن پېقىرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

4. سوئال: زاكات ئالغۇچى پېقىرنىڭ تەقۋا، دىيانەتلىك كىشىلەردىن بولۇشى شەرتمۇ؟

جاۋاب: زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولۇشنىڭ شەرتى، زاكات ئالغۇچىنىڭ مۇسۇلمان ۋە ئېھتىياج ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما زاكات ئالغۇچىنىڭ تەقۋا ياكى پاسىق بولۇشى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ زاكات ئالغان پۇل _ مالنى ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، نەشە چېكىشكە ئوخشاش ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭغا زاكات بېرىشى ياخشى ئەمەستۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش مەئسىيەتكە ياردەم بەرگەنلىك قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بېرىلگەن زاكات پۇلىنى ھارام ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقىنى گۇمان بىلەن ياكى باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن بىلگەن تەقدىردىمۇ زاكاتنى ئۇنىڭغا بېرىش جائىزدۇر ۋە بۇ زاكات

---

(1) ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

ئادا بولىدۇ. چۈنكى، گۇمانغا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىزنىڭ دىنىمىزدا چەكلەنگەن بىر يامان ئىشتۇر.

5. سوئال: زاكات پۇلىنى ئىسلامىي كىتاب، ژۇرنال ۋە ئۈن _ سىن نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتسە بولامدۇ؟

جاۋاب: «ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيەسى» ھىجرىيە 1405 _ يىلى رەبىئۇل ئاخىر ئايىنىڭ 27 _ كۈنىدىن جامادىيەل ئەۋۋەل ئايىنىڭ 8 _ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە چاقىرغان چوڭ قۇرۇلتىيىدا، زاكات بېرىلىدىغانلار قاتارىدىكى «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق ئىلمىي مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆلىمالارنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى كۆزقارىشى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

بىرىنچىسى، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇھاجىدلارغىلا خاستۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، زاكاتنىڭ ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىنى مۇجاھىدلاردىن باشقىسىغا بېرىشكە بولمايدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ كۆزقارىشىدۇر.

ئىككىنچىسى، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەت ياخشىلىق يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، زاكاتنىڭ ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىنى مەسجىد _ مەدرىسلەرنى بىنا قىلىش، يوللارنى ياساش، دوختۇرخانىلارنى ئېچىش قاتارلىق مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ بۇرۇنقى ئۆلىمالاردىن ئاز سانلىق ئۆلىمالارنىڭ، ھازىرقى ئۆلىمالاردىن كۆپ سانلىقنىڭ كۆزقارىشىدۇر.

قۇرۇلتاي ئەھلى يۇقىرىقى ھەر ئىككى كۆزقاراشنىڭ دەلىللىرىنى مۇنازىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك قارار ماقۇللىغان:

1. ئىككىنچى كۆزقاراشتىكى ئۆلىمالارنىڭ دەلىللىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىن كۈچلۈك دەلىللىرى بار. ﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ لَا يُتْبِعُونَ مَا أَنْفَقُوا مَنًّا وَلَا أَذًى لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ يەنى ﴿پۇل _ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير _ ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەرگە رەببىنىڭ دەرگاھىدا خاس مۇكاپاتلار بار. ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم _ قايغۇ بولمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتە ئاللاھ تائالا يوقسۇللارغا پۇل _ مال سەرپ قىلىشنى «ئاللاھ يولىدا»دەپ ئاتىغان. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۆگىسىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان بولۇپ، ئايالىنى ھەج قىلدۇرۇشنى ئىرادە قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئايالىڭنى بۇ تۆگىگە مىندۈرگىن، چۈنكى ھەج دېگەن ئاللاھ يولىدىكى ئىبادەتتۇر»[2] دېگەن.

2. قوراللىق جىھاد قىلىشتىن مەقسەت ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بولغاندەك، ئىسلامىي دەۋەتچىلەرنى، ئۆلىمالارنى تەييارلاش ۋە ئۇلارنىڭ دىنى خىزمەتلىرىنى ماددىي جەھەتتىن قوللاپ _ قۇۋۋەتلەشتىن مەقسەتمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە

---

(1) بەقەرە سۈرىسى:262_ ئايەت.
(2) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان.

قىلىش ئۆچۈندۇر. نەتىجىدە ھەر ئىككىلا ئىش ئاللاھ يولىدىكى جىھادتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «مۇشرىكلارغا قارشى پۇل _ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن ۋە تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

3. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام دىنىمىز دىنسىزلارنىڭ، يەھۇدىيلارنىڭ، خىرىستىيانلارنىڭ ۋە باشقا بارلىق كاپىرلارنىڭ پىكرىي ۋە ئىدىئۇيى ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىماقتا. بۇ كاپىرلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا رەددىيە بېرىش ۋە ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئۆلىمالارنى، ئىسلامىي مۇتەپەككۇرلارنى ۋە دەۋەتچىلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن پۇل _ مال سەرپ قىلىش زۆرۈردۇر.

4. ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى بار، ئەمما ئىسلامىي دەۋەتچىلەرنىڭ مائاشى يوق. شۇڭا ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەمىنلەش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرچىدۇر.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرۇلتاي ئەھلى كۆپ سانلىقىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنى زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىسلامىي كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇش، ئىسلامىي ژۇرنال چىقىرىش ۋە ئىسلامىي ئۈن _ سىن نەشر قىلىش قاتارلىق ئىسلامىي دەۋەت يولىغا زاكات ماللىرىدىن سەرپ قىلىشقا بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللا جىبرىن مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن بىزنى ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر. بىزنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ياخشى ئەمەل ئاللاھنىڭ يولى»دىن سانىلىدۇ. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىنى بايان قىلىش، دىنسىزلارنىڭ، بۇزغۇچىلارنىڭ شەك _ شۈبھىلىرىگە رەددىيە بېرىش، كاپىرلارنىڭ ۋە مۇناپىقلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى بەربات قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلغانلىق بولۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن پۇل _ مال سەرپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىسا، ئىسلامىي دەۋەتچىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئورۇن چىقمىسا، بۇ ئىشلارغا ۋە ئىسلامىي دەۋەتچىلەرگە زاكاتتىن بېرىش پەرز بولىدۇ. بۇنداق چاغدا، زاكاتتىن يىغىلغان پۇل _ مالنى زاكات ئېلىشى بەلگىلەنگەن بەزى شەخسلەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئىسلامىي دەۋەت ئۈچۈن سەرپ قىلىش ئەۋزەل بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى مەزكۇر شەخسلەر زاكات ئالمايمۇ ياشىيالايدۇ، ئەمما كاپىرلارنىڭ شۈبھىلىرىگە، مۇناپىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا رەددىيە بېرىش، قۇرئان بېسىپ تارقىتىش، ئىسلامىي كىتاب، ژۇرنال، ئۈن _ سىن نەشر قىلدۇرۇش ۋە ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش قاتارلىق ئىسلامىي خىزمەتلەر توختاپ قالسا بولمايدۇ».

---

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان.

## زاكات بېرىلمەيدىغان شەخسلەر

زاكات بەش خىل شەخسكە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارغا زاكات بېرىش جائىز بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا بولمايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

1. بايلار
2. كۇففارلار
3. زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا _ ئانىلىرى
4. زاكات بەرگۈچىنىڭ باللىرى
5. زاكات بەرگۈچىنىڭ جورىسى

بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### 1. بايلار

زاكات بېرەلەيدىغان (يەنى نورمال ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا 85 گرام ئالتۇن ياكى 595 گرام كۈمۈش پۇلى ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە پۇل _ مېلى بولغان) ئادەم ئىسلام نەزىرىدە باي سانىلىدۇ. مۇنداق ئادەمگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بايلارغا بېرىلگەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەقتە: «زاكات بايلارغا ۋە ئىشلەشكە قادىر بولغانلارغا بېرىلمەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### 2. كۇففارلار

كاپىر _ ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى ھېچقانداق بىر دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرگە قويۇلغان بىر ئاتالغۇدۇر. كاپىرلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن تەقدىردىمۇ بۇنداق زاكات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلدى» دېگەن سۆزىدىكى «بايلار» بىلەن «پېقىرلار» مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرى بىلەن پېقىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما زاكاتتىن باشقا سەدىقە، ياردەم ۋە ئېھسانلارنى كاپىرلارغىمۇ بېرىشكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ﴾ يەنى﴿سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھسىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2] .

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كاپىر ئانىسىغا ماددىي ياردەم

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) مۇمتەھىنە سۈرىسى:8_ ئايەت.

قىلىشىنىڭ جائىزلىقى ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاناڭغا ياردەم قىل»[1] دەپ بۇيرىغان.

### 3. زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا _ ئانىسى

بۇ ماۋزۇدىكى ئاتا _ ئانىلار _ زاكات بەرگۈچىنىڭ ئاتا _ ئانىسى، بوۋا _ موملىرى ۋە جىمى ئەجدادلىرى دېمەكتۇر.

زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكاتىنى ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا، ئانىسىغا، بۇۋىلىرىغا ۋە موملىرىغا بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. بۇنداق زاكات ئادا تاپمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ شۇكى، كىشى ئاتا _ ئانىسىنى، بوۋا _ موملىرىنى بېقىشقا بۇيرۇلغان. ئاتا _ ئانىلارنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى قامداش ۋە ئۇلارنى ياخشى بېقىش باللىرىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇنىڭدىن باش تارتالمايدىغان، ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان بىر پەرزدۇر. زاكاتنى ئاتا _ ئانىسىغا بەرگەن ئادەم خۇددى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئاتا _ ئانىسىنى بېقىش ئۆزىنىڭ يالغۇز بۇرچىدۇر. ئاتا _ ئانىغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا كۆپ سانلىق ئۆلىمالار زاكاتنى ئۆزىنىڭ ئاتا _ ئانىسىغا، بوۋا _ موملىرىغا بېرىش جائىز ئەمەس ۋە بۇنداق زاكات ئادا تاپمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەمما بەزى ئۆلىمالار زاكات بەرگۈچى ئاتا _ ئانىسى ياكى ئايرىم تۇرىدىغان پەرزەنتلىرى يوقسۇل بولسا، ئۆزى ئۇلارنى تەمىنلەپ تۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، زاكاتقا ئايرىغان پۇل _ مېلىنى ئۇلارغا بەرسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىدىكى ئىككى رىۋايەتنىڭ بىرىدىمۇ سۇنداق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

### 4. زاكات بەرگۈچىنىڭ باللىرى

بۇ ماۋزۇدىكى باللار _ زاكات بەرگۈچىنىڭ باللىرى، نەۋرىلىرى ۋە چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، كىشىنىڭ ئۆز باللىرىغا، نەۋرىلىرىگە ۋە چەۋرىلىرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات بىلەن زاكات پەرزى ئادا تاپمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، باللارنىڭ، نەۋرىلەرنىڭ ۋە چەۋرىلەرنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قامداش ئاتا _ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. زاكاتنى ئۇلارغا بەرگەن ئادەم خۇددى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. نەتىجىدە بۇ زاكات ئادا بولمايدۇ.

بەزى ئۆلىملار ئەگەر بىراۋ موھتاجلىقتا قالغان بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمىغان بولسا، ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا زاكات پۇلىدىن بېرىشى جائىزدۇر. ئەگەر ئاتىسىندىڭ ياردىمى ئۇنىڭ چىقىملىرىغا يەتسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسىدىن زاكات ئېلىشى دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بىراۋ زاكاتنى ئۆزىنىڭ ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان قېرىنداشلىرىغا، يەنى ئاكا _ ئۇكا، ئاچا _ سىڭىللىرىغا، تاغا ئاكا ۋە تاغا ئاچىلىرىغا بەرسە بولىدۇ. بەلكى بۇنداق قىلىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا قىلىنغان ياردەم ياتلارغا قىلىنغاندىن كۆپرەك ساۋابقا ئىگىدۇر.

## 5. زاكات بەرگۈچىنىڭ جورىسى

ئەر _ ئايال ئىككىسىنىڭ بىر _ بىرىگە زاكات بېرىشى جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بولغانلىقتىن ئىقتىساد ھەر ئىككىسىگە ئائىتتۇر. ئەر _ ئايال ئىككىسىنىڭ بىر _ بىرىگە زاكات بېرىشى ئۆزىگە ئۆزى زاكات بەرگەنگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئېرىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ ئايالىغا زاكات بېرىشى جائىز ئەمەس ۋە بۇنداق زاكات قوبۇل ئەمەس.

ئەمما ئايال باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى پېقىر بولسا، بۇ ئايالنىڭ ئۆز ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىزمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە فەقىھلارنىڭ كۆزقارىشى بىردەك ئەمەس. ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئايالى ئېرىگە زاكات بەرسە ئۇنىڭ بەرگەن زاكىتى ئادا تاپىدۇ.

ئەمما ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئايالنىڭ ئېرىگە زاكات بېرىشىنى جائىز ئەمەس دەپ قارايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رايىنى كۈچكە ئىگە قىلغان دەلىللىرى بار.

قىنتىر سەدىقىسى «روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» ناملىق ئەسىرىمىزدە بايان قىلىنغان.

## زاكات بېرىلمەيدىغانلار ھەققىدە سوئاللارغا جاۋاب

1. سوئال: كىچىك بالىلارغا زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن ھەر قانداق يېتىمگە زاكات بېرىش جائىز بولغاندەك، ئاتىسى پېقىر بولغان كىچىك بالىلارغىمۇ زاكات بېرىش جائىزدۇر. ئەمما ئاتا _ ئانىسى باي بولغان كىچىك بالىلارغا زاكات بېرىش جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى بۇنداق بالىلار ئاتا _ ئانىسىنىڭ باي بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن باي ھېسابلىنىدۇ.

2. سوئال: ئۆزى ياش، ئىشلەشكە قادىر كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولامدۇ؟

جاۋاب: ئېھتىياج ئىگىلىرىدىن ئىشلەشكە كۈچى بار، ئۆزى ياش كىشىلەرگە زاكات ھالال ئەمەستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «زاكات بايلارغا ۋە ئىشلەشكە قادىر كىشىلەرگە بېرىلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. كۈچى بار ياشلارغا زاكات بېرىشنىڭ مەنئى قىلىنىشىدىكى سەۋەب، كىشىلەرنى ئىشلىمەستىن يېتىۋېلىشقا، ھورۇنلۇققا كۆندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بولسا كېرەك. چۈنكى بەزى تەييارتاپلار ئۈچۈن ھورۇنلۇق ھەسەلدەك تاتلىق، ئىشلەش بولسا زەھەردەك ئاچچىق تېتىيدۇ. مۇنداقلار ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ بۇلارغا زاكات بېرىلمەيدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز ئىشلەشنى ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ ئۇنىڭغا ساۋاپ بېرىدىغان، ھورۇنلۇقنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغان بىر ئىلغار دىندۇر. ئەمما ئۆزى ياش ۋە كۈچىمۇ بار، بىراق ئىشلەي دېسە ئىش تاپالمىغان ياكى ئىشلىسىمۇ تاپقانلىرى بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالمىغان كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئىشلىيەلمىگەن ياشلارغىمۇ زاكات بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىلار زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلاردۇر.

3. سوئال: تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان سائىللارغا زاكات بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان سائىللارغا، يوللاردا، مەسجىدلەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان سائىللارغا بەرگەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى تىلەمچىلىكنى يوقسۇللۇقتىن ئەمەس، بەلكى كەسىپ دەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى نامرات ئەمەس، پەقەت تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈنلا تىلەمچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بەرگەن زاكات ئادا تاپمايدۇ. سەدىقىنىمۇ مۇمكىنقەدەر تىلەمچىلىك قىلمايدىغان ئېھتىياج ئىگىلىرىگە بەرگەن ياخشى.

## پايدلنىلغان ماتېرىياللار

| كىتاب ئىسمى | ئاپتورى |
|---|---|
| لهداية | العلامة مرغناني |
| الإختيار لتعليل المحتار | العلامة ابن مودود الحنفي |
| المغني | العلامة إبن قدامة |
| المفتاح شرح نور الإيضاح | العلامة أبو يزيد شلبي |
| موسوعة الإقتصاد الإسلامي | الدكتور عبدالمنعم جمال |
| الزكاة وتنمية المجتمع | سيد أحمد المخزنجي |
| فريضة الزكاة في الإسلام | العلامة محمد علي صابوني |
| فقه الزكاة | الدكتور يوسف القرضاوي |
| قضايا إسلامية | الدكتور يوسف القرضاوي |
| فتاوى الزكاة | العلامة محمود شلتوت |
| فتاوى معاصرة | الدكتور يوسف القرضاوي |
| العبادة في الإسلام | الدكتور يوسف القرضاوي |
| منهاج المسلم | أبوبكر الجزائري |
| مشكلة الفقر | يوسف القرضاوي |